بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# تېجەپ پۇل تېپىش



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

بىيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

ئابلەت جۇمە تۇپراق

# تېجەپ پۇل تېپىش



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

致富有道：维吾尔文/阿布来提·居玛编著，—
乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2011.3
(农牧民致富丛书)
ISBN 978-7-5466-0733-7

I.①致… II.①阿… III.①成功心理—通俗读物—
维吾尔语(中国少数民族语言) IV.①B848.4-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第033545号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابدۇشۈكۈر ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەرھابا ئابدۇنەيىم
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختى
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى
**تېجەپ پۇل تېپىش**
* * *
شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى №255 پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880mm×1230mm 1/32 باسما تاۋىقى: 4.75
2011 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 7 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 0733 - 7
باھاسى: 15.00 يۈەن



ئابلەت جۇمە تۇپراق 1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يوپۇرغا ناھىيەسى تېرىم يېزىسىنىڭ كۆتەگلىك كەنتىدە تۇغۇلغان، مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا چوڭ بولغان. ئۇ «قەشقەر گېزىتى» ۋە «قەشقەر» ژۇرنىلىدا باش مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىرغىچە 5000 پارچىدىن ئارتۇق خەۋەر-ماقالە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، شېئىر يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان؛ «جاسارەتلىك بول ئوغلۇم» قاتارلىق 17پارچە كىتابى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنغان. 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ـ ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# كىرىش سۆز

ھاياتنى قەدىرلەش، ئۇنىڭ بىتەكرار پۇرسەتلىرىنى چىڭ تۇتۇش، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئۇنى بېيىتىپ، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرۇش ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. ئەمما، بۇ ئارزۇنىڭ ھۆزۈرىنى سۈرۈش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. ھەربىر كىشىدە كۆرۈنمەس بىر تىلتۇمار بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە «ئاكتىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان. بۇ بايلىق، مۇۋەپپەقىيەت، خۇشاللىق ۋە ساغلاملىقنى جەلپ قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ ۋە شۇ يەردە مەزمۇت تۇرغۇزىدۇ؛ تىلتۇمارنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە «پاسسىپ روھىي ھالەت» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى تۇرمۇشنى ئەھمىيەتسىز ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ، ھەتتا يۇقىرى پەللىدە تۇرغان كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

كىشىلىك ھايات پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان بولىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىساد ۋە پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، رىقابەتنىڭ كەسكىنلىشىشى بىزدىن ئەنئەنىۋى ئىقتىساد ئېڭىمىزنى، قىممەت قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىشىمىزنى، زامانغا لايىق بىلىم - ساپانى ھازىرلىشىمىزنى، ئۇچرىغان خىرىس، قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغان پەم - پاراسەت، جاسارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى پۇرسەت ھەممىلا يەردە تولۇپ تۇرىدۇ. بۇ «پۇرسەت» لەر ھەممىلا ئادەمگە بېيىش ھوقۇقىنى بەرگەن.

بىراق، ئۇ تەييارغا ھەييار بولىدىغانلارنىڭ بېيىشىغا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. پەقەت تىرىشقان، ئىزدەنگەنلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىقتىساد ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە بىۋاستە ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بېيىش ئىستىكى بولغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا «بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى» نى سۇندۇق. مەجمۇئەگە بېيىش يولىنى، يەنى تۈرلۈك تىجارەت يوللىرىنى، ئىستېمال يۆنىلىشىنى، مەبلەغ سېلىش ئۇسۇللىرىنى، پۇل تېپىشنىڭ توغرا يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشتە بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە، دەپ قارالغان ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، بېيىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىستەكلىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىزگە ياخشى بىر يېتەكچى ۋە باشلامچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

تېجەش ــ بەختنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى............................... 1
تېجەش تۇرمۇشنى گۈل قىلىدۇ................................. 1
تېجەشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك................................ 6
تېجەشنى نەدىن باشلاش كېرەك ................................ 11
تېجەشلىك بولۇشتىكى مۇھىم شەرتلەر............................ 14
تېجەش پائالىيىتىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ............ 19
تېجەش ھەرىكىتى ........................................... 23
تامار ـ تامار كۆل تولار...................................... 28
مەڭگۈ خورىماس كەسىپ........................................ 33
يىغىپ ساقلاپ تېجەش ــ ئىلغۇدىكى گۆشكە ئوخشايدۇ ............. 33
يىغىپ ساقلاشتىكى ئاجىز ھالقىلار................................ 40
يىغىپ ساقلاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار................................ 43
يىغىپ ساقلاشتىن غايەت زور بايلىق ياراتقىلى بولىدۇ ............. 46
يىغىپ ساقلاش ئىلھام ئاتا قىلىدۇ................................ 51
بايلىق خەزىنىسى ــ ئائىلە..................................... 55
ئائىلىدىكى تېجەش ۋە تېجەشلىك ئائىلە.......................... 55
ئائىلىدىكى تېجەش نۇقتىلىرىغا سەل قاراش ....................... 58
ئائىلىدىكى تېجەش ئۇسۇللىرى ................................. 60
ئۆي جابدۇقلىرى سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار... 65
ئائىلىگە قانداق بۇيۇملارنى سېتىۋالغاندا تېجەشلىك بولغان بولىدۇ... 68
ئائىلىدە نۇقتىلىق تېجەيدىغان تۈرلەر............................. 77
ئاشلىقنى تېجەيلى ........................................... 92

پاكىزلىق ــ تېجەشنىڭ ئۇل تېشى ........................ 94
ئائىلىدىكى تېجەشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇللىرى ........................ 96

**بايلىق ئۇرۇقى ــ پۇل تېجەش** ........................ 102
ئەجىبا، پادىشاھلارمۇ پۇل تېجىشى كېرەكمۇ ........................ 102
بايلار پۇلنى تېجەپ تاپقان ........................ 104
ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق پۇل تېجەش ھەرىكىتى ........................ 110
پۇل تېجەشكە ئالاقىدار قىزىقارلىق ھېكايىلەر ........................ 113
پۇل تېجەشتىكى ئالتۇن بەلباغلار ........................ 127
باللارنىڭ پۇل تېجەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ........................ 140
تېجىگەن پۇلنى ئىشلىتىش يوللىرى ........................ 144

# تېجەش ـ بەختنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى

## تېجەش تۇرمۇشنى گۈل قىلىدۇ

نۇرغۇن كىشىلەر تېجەشلىك بولۇشنى كۆپ تەرەپتىن چۈشىنىدۇ. ئومۇمەن، تېجەشلىك بولۇش مۇۋاپىق، توغرا قاراش بولسىمۇ، ئەمما ھەممە ئادەمنىڭ ھەممە ئىشتا تېجەشلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا، بەزىلەر ئائىلىدە تېجەشلىك بولسا، يەنە بەزىلەر خىزمەت ئورنىدا، كەسپتە تېجەشلىك بولىدۇ، يەنە بەزىلەر سودا ـ سېتىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت، مەبلەغ سېلىش، پۇل تېپىش ياكى ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تېجەشلىك بولىدۇ. يەنە بەزىلەر كۆڭۈل ئېچىش، سەيلە ـ ساياھەت، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا تېجەشلىك بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تېجەشلىك بولۇش تۇرمۇش ۋە خىزمەتنىڭ كەڭ ساھەلىرىگە، چوڭقۇر قاتلاملىرىغا، ئىنچىكە نۇقتىلىرىغا چېتىلىدۇ. كىشىلەر كۆپ تەرەپتىن تېجەشلىك بولغاندىلا، مەڭگۈ نامراتلاشمايدىغان بايلىق ئىلاھىغا ئايلىنىدۇ. كىشىلىك ھايات نۇرغۇن پۇرسەت، ئىمكانىيەتكە تولغان. ھالبۇكى، ئاشۇ پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەردە تېجەشكە بولىدىغان نۇرغۇن ماددىي، مەنىۋى بايلىقلار بار. ئەلۋەتتە، كىشىلەردە مۇئەييەن پەم ـ پاراسەت، دىت بولمىسا بۇ بايلىقلار كۆزگە چېلىقماي كۆمۈلۈپ قالىدۇ ـ دە، قىممىتى ئىشقا ئاشمايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر شۇ قەدەر كۆپ، كەڭ بولغان تېجەش ئىمكانىيەتلىرىنى، پۇرسەتلىرىنى، مەنبەلىرىنى بىھۇدە نابۇت

قىلىۋېتىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى چېچىلاڭغۇ، رەتسىز، جانسىز ۋە نامرات ئۆتىدۇ، بەك باي بولغانلىرىمۇ سېرىقتال تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە قادىر بولالايدۇ. كىمكى ئىسراپخور بولسا، شۇ كىشى ئاقىۋەتتە پۇشايمانغا قالىدۇ، كىمكى تېجەشلىك بولسا، شۇ كىشىنىڭ تۇرمۇشى گۈل، ھاياتى مەنىلىك، ئىشلىرى ئۇتۇقلۇق بولىدۇ.

بەزىلەر ئۇزاق مەزگىل تېجەش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلالمايدۇ ياكى قوبۇل قىلسىمۇ، ئۇنى ئۆز تۇرمۇشىغا، خىزمىتىگە ۋە كەسپىگە ماسلاشتۇرالمايدۇ، يەنە بەزىلەر تېجەشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار تېجەشنى بىر خىل پىخسىقلىق، چاكىنىلىق دەپ قارايدۇ، بەزىلەر بىرەر ئىشتا تېجەشلىك بولىدۇ، بەزىلەر بولسا بىر نەچچە خىل ئىشتا تېجەشلىك بولىدۇ، تەتبىقلاپ نەتىجە قازىنالايدۇ. بەزىلەر تۇرمۇشتىكى مەلۇم ئۇگۇشسىزلىق تۈپەيلىدىن ياكى ئۇتۇق قازىنىش سەۋەبىدىن تېجەشلىك بولۇش يولىغا ماڭىدۇ. بەزىلەر تېجەشنى باشقىلاردىن ئۆگىنىدۇ، ساۋاق ئېلىپ قوبۇل قىلىدۇ. بەزىلەر تۇرمۇشتا ئاق - قارىنى پەرق قىلىپ، نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تېجەشلىك يولىغا ماڭىدۇ. بۇ يەردە يەنە بىر نەرسىنىمۇ تەكىتلەپ قويماي بولمايدۇكى، بەزىلەر كىچىكىدىن باشلاپلا تېجەش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بولىدۇ، بۇنداق ئادەملەر ئىزچىل ھالدا ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلاردىكى تېجەش نۇقتىلىرىنى، پۇرسەتلىرىنى ئانالىز قىلىپ، دەل ۋاقتىدا، داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، تېجەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ماڭىدۇ. شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىكى ئىشلاردا تېجەشلىك بولۇشنى ئويلايدۇ. «غاز گۆشى يەي دېسەڭ، غازنىڭ پېيىدە بول» دېگەندەك، شۇنداق ئادەملەر ھامان ئوي - خىيالىدا، ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل تېجەش ئۇسۇل - چارىلىرىنى قوللىنىپ ماڭىدۇ.

**1. تېجەشلىك ئادەم پاكىز، رەتلىك بولىدۇ.** بىر نەرسىنى

ئىتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى، كۆپ تەرەپلىمە تېجەشنى بىلىدىغان ۋە ئۇنى ئادەت قىلغان ئادەملەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى پاكىز، رەتلىك بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەر تولا چاغلاردا ھېسسىيات جەھەتتىن بولسۇن ۋە ئىش - ھەرىكەت جەھەتتىن بولسۇن، سەزگۈر، ئىنچىكە، ئەستايىدىل، سەمىمىي كېلىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇرمۇشقا ئەستايىدىل قاراپ، يۈرۈش - تۇرۇشقا، كىيىنىشكە، چىراي - تۇرقىغا سەل قارىمايدۇ، رەتلىك، پاكىز بولىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىشنى بىر خىل ياخشى خاراكتېر، ئېسىل خىسلەت دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېجەشلىك بولۇشتىن ئىبارەت تۈيغۇ - ئادەت بولغانلىقتىن، كىيىم - كېچەكنى پاكىز، رەتلىك، ئاددىي - ساددا كىيىش ئادىتىنى يېتىلدۈرىدۇ، كىيىم - كېچەكنى زىيادە كۆپ ۋە قىممەت كىيىش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر خىل بەتخەجلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەدېگەندە ئاز كىيىش، پاكىز كىيىش، رەتلىك كىيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇنى تونۇپ يېتىش كېرەككى، بۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ماكرو جەھەتتىن پۇل تېجەش بولۇپ، كۈندىلىك ئىستېمال نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تېجەش قىممىتى ۋە ئۈنۈمى باشقا تۈردىكى تېجەشكە قارىغاندا كۆپ يۇقىرى بولىدۇ.

**2. تېجەشلىك ئادەم ھەرخىل تېجەش ئۇسۇل - چارىلىرىنى قوبۇل قىلىشقا، قوللىنىشقا ماھىر، شۇنداقلا بىرقەدەر پىشقان تەجرىبىلىك بولىدۇ.** يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، كىشىلەر قايسى ئىشنى قىلماقچى بولسا، چوقۇم شۇ ئىشنىڭ غېمىدە بولۇشى كېرەك. تېجەشلىك كىشىلەردىمۇ شۇنداق ئادەت بولىدۇ. ئۇلار باشقىلاردىن تۈرلۈك شەكىلدىكى تېجەش تەجرىبىلىرىنى، ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۆرنەك قىلىپ تەتبىقلايدۇ. بىرەر ئىشتا تېجەش نەتىجىسىگە ئىگە بولالماي قالسا، باشقىلاردىن سورايدۇ، ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆزلەشتۈرىدۇ، ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى بىلىپ، چۈشىنىپ، تېجەش ئۈچۈن ئۆزىگە يول ھازىرلايدۇ. دەل مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ تېجەش تەجرىبىسى مول، قابىلىيىتى

كۆچلۈك بولىدۇ.

**3. تىجەشلىك ئادەملەرنىڭ بانكىدا قويغان پۇلى بولىدۇ.** پۇل ئادەمنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە قىممىتىنى ئىپادىلەپ بەرمىسىمۇ، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى، تۇرمۇش دەرىجىسىنى ۋە ماددىي جەھەتتە باي، نامراتلىق دەرىجىسىنى بېكىتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تېجەشلىك كىشىلەر بانكىدا پۇل قويۇشنى ئادەتتىكى بىر ساۋات، زۆرۈرىيەت دەپ قارايدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتىكى بارلىق پائالىيەتلەردە تېجەش يولىنى تۇتقانلىقتىن، قولىدىكى پۇل - مېلى كۆپىيىدۇ، پۇل ئادەملەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى تۇرغۇزۇش ۋە مۇستەھكەملەش، مال - دۇنيا توپلاش ئىمتىيازىنى ۋە ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك، يۇقىرى - تۆۋەنلىك دەرىجىسىنى، قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇ ئاخىردا پۇل ئارقىلىق تېجەشنىڭ نەتىجىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، تېجەشلىك كىشىلەرنىڭ چوقۇم بانكىدا قويغان پۇلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇلى، بايلىقى كۆپ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تۇرمۇش شارائىتى نىسبەتەن ياخشى بولىدۇ.

**4. تېجەشلىك ئادەمنىڭ ئائىلە مۇھىتى گۈزەل، كۆركەم بولىدۇ.** ئېنىقكى، تېجەشلىك ئادەم ئېبەتلىك كېلىدۇ، ئېبەتلىك ئادەم ئۆز ئەتراپىدىكى ئىشلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، گۈزەل، ساغلام، كۆركەم بولۇشنى قوغلىشىدۇ. تۇرمۇشتا ئادەتتىكى ـ ساددا بولسىمۇ، پاكىز، رەتلىك بولۇشنى چىقىش قىلىپ ئىش قىلىدۇ ھەمدە شۇ خىل مۇھىتنى بەرپا قىلىشنى ئۆزىنىڭ بىر تۇرلۈك مۇھىم مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ. بۇ ھال شۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئائىلە مۇھىتىنىڭ خاسلىقىدا، ئۆزگىچىلىكىدە ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

**5. تېجەشلىك ئادەمنىڭ شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ.** بۇ جەھەتتە بەك چوڭقۇرلاشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى نۇقتىدىن بايان قىلىنغاندەك، تېجەشلىك ئادەملەردىكى ئىنچىكە، ئەستايىدىل

خاراكتېر ئۇلارنىڭ ھەربىر ئىشىدىكى سەزگۈرلۈكىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق سەزگۈرلۈك ئۇلاردا روھىي جەھەتتە مەغرۇر، ھەرىكىتى چەبدەس، جۇشقۇن بولۇشتەك ھالەتنى ھازىرلايدۇ. بۇ ھال ئۇلارنى شىجائەتلىك، جەسۇر قىلىدۇ.

**6. تېجەشلىك ئادەمنىڭ ئىشلىرى پۇختا بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.** ھەممىگە مەلۇمكى، ئېدىتلىق، پەم - پاراسەتلىك ئادەملەر ھامان ئۆلچەملىك ۋە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش قىلىدۇ. تېجەشلىك ئادەملەردىمۇ دەل مۇشۇنداق بىر خىل قابىلىيەت بولىدۇ. ئۇلار چاكىنا، زىيادە پىخسىق، قاتتىق قول، قارا نىيەت بولمىسىلا، قىلغان ئىشلىرى جايىدا، ئۇتۇقى چوڭ بولۇپ، باشقىلار ياقتۇرىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنى باشقىلار ئېتىراپ قىلىدىغان، قارشى ئالىدىغان، ماختايدىغان ھالەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىدىكى پۇختىلىق ۋە پاساھەت باشقىلاردا قايىللىق، ھۆرمەت تۇيغۇسى ھاسىل قىلىدۇ.

**7. تېجەشلىك ئادەملەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازى يۇقىرى بولىدۇ.** بۇنداق كىشىلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئېدىتلىق، ئۇنۇملۇك، كىشىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى سىلىق، سىپايە، سەمىمىي بولىدۇ. شۇڭا، ئاسانلا باشقىلاردا ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتكە بىرقەدەر ئۇستا، پۇختا بولىدۇ. ئۇلار باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ، سىردىشىپ دوست بولالايدۇ. قەلبىدىكى ياخشى تىلەكلىرىنى بىر - بىرىگە دېيەلەيدۇ. باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى، سەمىمىي ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ ۋە تەشەببۇس قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئىشلار ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىنى، ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

**8. تېجەشلىك ئادەم باشقىلارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.** تېجەشلىك كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسىم ئىشى ئوڭۇشلۇق، يوللۇق،

ئۇنۇملۇك بولغاچقا، باشقىلار ئۇلاردىن تەسىرلىنىدۇ، ئىلھاملىنىدۇ ھەمدە شۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى، ھەرىكىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇنداقلا، شۇ خىل ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ باقىدۇ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست بۇرادەرلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى باشقا كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى ئۈلگە قىلىشنى، ئۇستاز تۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نۇرغۇن ئادەمگە ئۆزىنىڭ تېجەش ئۇسۇللىرى، تەجرىبىلىرى، ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## تېجەشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك

دۇنيادا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش يوق، پەقەت بىز كۆڭۈل قويساق، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلساق، ھەممە ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا، تېجەشنى ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ - يوق؟ بۇ بىزنىڭ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدىغان سوئالمۇ ئەمەس، ۋە ياكى جاۋاب بېرىشىمىز زۆرۈر بولغان قىيىن مەسىلىمۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ بىزنى ئويغا سالىدىغان، مۇشۇ ھەقتە قىزىقىشقا ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا ئۇندەيدىغان سوئالدۇر. تېجەشنىمۇ ئۆگىنىپ قويۇش كېرەك، چۈنكى ئۇ بىزگە پايدا يەتكۈزىدۇ، تۇرمۇشقا كېتەرلىك مۇھىم شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلىشىمىز ئۈچۈن ھەمدوست بولىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئادەملەرنىڭ ھەرقاندىقى ئۆگىنىدۇ، ئۆگىتىدۇ، بەزىلەر ھەتتاكى پايدىلىق بولمىغان نەرسىلەرنى، كەسىپ ۋە ھەرىكەتلەرنى ئاتايىتەن ئۆگىنىدۇ. مەسىلەن، يانچۇقچىلىق، ئوغرىلىق دېگەندەك. ئەجەبا تېجەشنى ئۆگەنسەك بولمامدىكەن؟! ئۇ ئۆگىنىش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان بىر ئىش. ئۇ يۇقىرىدا دېگەندەك بىزگە نۇرغۇن پايدا يەتكۈزىدۇ. ئەلۋەتتە، پايدا يەتكۈزىدىغان ئىشنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بەزىلەر كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن ئىشلار ئاتايىتەن ئۆگىنىشكە، كۆڭۈل بۆلۈپ مۇئامىلە قىلىشقا مۇناسىپ ئەمەس دەپ قارايدۇ. لېكىن، بىز ھەممە ئىشتا ئەستايىدىل بولۇشىمىز، ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىمىزنى نۇرغۇن تەرەپكە باغلاپ باھا بېرىشكە، چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ ئاڭ، ئىدىيە تۇيغۇلىرىمىزدا مەلۇم ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەت ھاسىل قىلغان ياكى مەلۇم قىممەتلىك ئىش بولۇپ شەكىللەنمىگەن، يەنە بەزىلىرى قۇپقۇرۇق ھالەتتە بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا شۇنداقلا مۇئامىلە قىلىپ، مەنسىتمەيدىغان بولۇپ قالغان. بىزدىكى ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكمۇ دەل مۇشۇنداق سەۋەب بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئازراق نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولسا ياكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدە ئادەت، ئەنئەنە بولۇپ شەكىللەنگەن، كىشىلەر ھامان ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىدە نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان بىر خىل ھالەت بارلىققا كەلگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا بەلكىم ئاشۇ نەرسىلەر تاشلاندۇق، ئەرزىمەس، كەمسىتىلىشكە دۇچار بولماستىن، ھەممىسى دېگۈدەك قىممەتلىك نەرسە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قوللىشى، ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشىگە سازاۋەر بولۇشتىن يىراقتا قالمايتتى.

نەق گەپكە كەلسەك، بىزدىمۇ تېجەش، تېجەشلىك بولۇش ئىشلىرى نەزەرىيە بولۇپ شەكىللەنگەن ياكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئومۇمىي ھەرىكەت بولۇپ شەكىللەنگەن بولسا، ئۇنى ئۆگەنگۈچىلەر، تەتقىق قىلغۇچىلار، تەتبىقلىغۇچىلار، تەجرىبە توپلىغۇچىلار، يۇقىرى سەۋىيەدە نەزەرىيەلەشتۈرگۈچىلەر بارلىققا كېلىشى تەبىئىي ئەھۋال بولاتتى. ھازىرچە بۇنداق بولۇشتىن سۆز ئېچىش تەس. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىز ئۇنىڭ ئۆزىدىكى سەلبىي تەرەپ بىلەن ئىجابىي تەرەپنىڭ يەكۈنىدىن، سېلىشتۇرمىسىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئىجابىيلىقى ساپ، سەممىمىي، دەل، لايىقىدا بولۇشتىن ئىبارەت ھەرىكەتنى ئاساسىي مەنبە قىلسا،

سەلبىيلىكى تېجەش جەريانىدا شەكىللەنگەن زىيادە زورۇقۇش، ئاچ كۆزلۈك، تەمەخورلۇق، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش، ئاندىن كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان يامان تەسىر قاتارلىقلارنى ئاساسىي مەنبە قىلىدۇ. ئىجابىيلىقتا قارىغاندا سەلبىيلىكنىڭ تەسىرى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئۇنى ئۆگىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، سۆكۈش، پەس كۆرۈش كەيپىياتى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر تېجەشنى پىخسىقلىق، چاكىنىلىق دەپ قاراپ، مەنىۋىيىتى ۋە ھەرىكىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ھەمدە تېجەشنىڭ پايدىسىنىڭ كۆپ بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقىنى نەزەرگە ئالمايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيەمىز ۋە ھەرىكەت قىبلىنەمامىز بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىككىنچى بىر خىل تەرىپىنى - پايدىسىنى كۆمۈپ قويىمىز. بۈگۈنكى دەۋر ئېھتىياجى - دەل بىز كۆمۈۋەتكەن نەرسىلەرنى ئېچىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنى، تەقەززالىق بىلەن نىجاتلىقتا ئېرىشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تېجەشنى ئۆگىنىپ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ نەتىجە قازىنىشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، تېجەشنى قانداق ئۆگىنىش كېرەك؟

**1. كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگىتىش، ئۆگىنىش كېرەك.**

ئادەمنىڭ سەۋىيەسى تۈرلۈك ھادىسە ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ جەريانى، بىرىكىشى داۋامىدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇ نەرسىلەر بىر - بىرلەپ ئادەم ئىدىيەسىگە تەسىر قىلىپ، تۈيغۇ، ئاڭ بىلەن بىرىكىپ ئۇقۇمغا، ئاندىن ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. ئادەمنىڭ كىچىكىدە قوبۇل قىلىدىغان نەرسىلىرى بىرقەدەر كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دائىرىسى، ئۇقۇمى بولمايدۇ. بۇ مەزگىلدە سىڭگەن تۈيغۇ، پەيدا بولغان ئاڭ ھەرىكەتكە ناھايىتى چوڭقۇر، مۇستەھكەم ئورنايدۇ. تېجەش مۇھىتىدا چوڭ بولغان باللارنىڭ مەنىۋىيىتىگە، ئىش - ھەرىكەتلىرىگە تېجەشتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم ناھايىتى مۇستەھكەم ئورۇنلىشىدۇ. شۇڭا، تېجەشنى

باللارنىڭ ئىدىيەسىگە سىڭدۈرۈش، ئۆگىتىش كېرەك. ئۆگىنىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى كۆپ خىل بولۇپ، قايسى خىل ئۇسۇل، قايسى جەھەتتىكى تېجەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىش، ئۆگىتىش شۇ باللىنىڭ قىزىقىشىغا، ئىدىيە ـ ھەرىكىتىگە ماس كەلگەن بولۇشى لازىم.

**2. تېجەشنى قوبۇل قىلالايدىغان ساپا ھازىرلاپ، ئۇنى ئۆزى قىلىدىغان، باشقىلار قوبۇل قىلىپ قوللىنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.** بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇكى، تېجەشنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى سەلبىي تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالايدىغان، ئىجابىي تەرىپىنى مۇناسىپ تۇيغۇ، ئىقتىساد بىلەن ئۆزىدە جارى قىلدۇرالايدىغان ساپانى ھازىرلاش كېرەك. سەلبىي تەسىرىنى توغرا پوزىتسىيەدە تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ، كىشىلەر نەزىرىدىكىنى ئەمەس، ئۆز ئارزۇسىدىكى يورۇق نۇقتىغا ئىگە قاراشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا باھا بېرىپ، مەنىۋىيىتى، ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىدىن چىقىرىۋېتە ـ لەيدىغان بولۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېجەشنىڭ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى جەريانىدا پەيدا بولىدىغان سەلبىي تەرەپ ـ ئاچ كۆزلۈك، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ھادىسىلىرىنى سادىر قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

**3. تېجەشنى تەتبىقلاشقا، قوللىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.** تېجەش پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىشتىكى مەقسەت تەتبىقلاش، قوللىنىش. بىز تېجەش پائالىيىتى جەريانىدا، ئۇنى ھەربىر ئىش تۈرى، ھەربىر ھادىسە ۋە ھەربىر ئىنچىكە نۇقتىلارغا تەتبىقلاپ، دادىل قوللىنىشىمىز كېرەك. ئۆگىنىپ تەتبىقلىمىسا، قوللانمىسا، ئۆگەنگەننىڭ رولى، ئەھمىيىتى ھەتتا ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. بىز ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىمىزدە ئۇنى يولغا قويۇپ باقساق، ئۇزاق مۇددەت قوللانساق ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرساق، ئاخىردا ئۇنىڭ ئۈنۈمى، نەتىجىسى زور بولىدۇ.

**4. تەجرىبە توپلاش، باشقىلارنىڭ تېجەش تەجرىبىسىنى**

ئاكتىپ قوبۇل قىلىش كېرەك. تېجەشمۇ بىر خىل كەسىپ، شۇنداقلا ئۇ بىر خىل ماھارەت سەنئىتى. بىرەر ئىشتا تېجەش پائالىيىتى ۋە ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغاندا، بەلكىم دەسلەپ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن، كېيىن تەكرار ئېلىپ بارغاندا، بىرقانچە ئىشقا قوللانغاندا، ئاندىن ئادەمدە شۇ خىل ھەرىكەتكە ئادەتلىنىش تۈيغۇسى ۋە مەلۇم مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىسى ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق تەجرىبە شۇ ئادەم ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ھەرىكەت قېلىپلىنىماسى بولىدۇ. بەلكىم ئۇ باشقا تۈردىكى تېجەش ھەرىكەتلىرىدىمۇ ھەيدەكچى، تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن، بۇ بىر مۇھىم تەرەپ. يەنە بىر تەرەپ: ئادەم ئۆزى تەجرىبە توپلاش بىلەن بىرگە، باشقىلار توپلىغان تەجرىبە - ساۋاقلارنىمۇ قوبۇل قىلىشى، ئۆرنەك ئېلىشى، قوللىنىشى كېرەك. بۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك بىلىم، تەربىيە، چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ، شۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدا ئېلىپ بارغان تېجەش پائالىيەتلىرىنى زور ئۇتۇق مەنبەسىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۆرنەك قىلىش، ئۆزىدىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە سەل قارىماسلىق كېرەك.

**5. تېجەشنى كەڭلىككە، چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش كېرەك.**

بۇ دېگەنلىك، تېجەش تار مەنىدىكى ھەرىكەت جەريانى بولۇپ قالماسلىقى، ئۇ كەڭ مەنىدە ۋە ئەركىن، ئۇزاق مۇددەت، مىقدارى چەكلەنمىگەن بىر خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك دېگەنلىك بولىدۇ. تېجەشنى كەڭلىككە ئىگە قىلىشتا، ئادەم شۇنداق بىر خىل تۈيغۇدا بولۇپ، ئۇنى نوقۇل تېجەش پائالىيىتى، يەنى كۆزلىگەن نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان قىلىپ قويماي، بىر ھەرىكەتنىڭ بىرلا تەرىپىگە قارىتىۋالماي، ئومۇمىي ھالىتىگە، ئومۇمىي دائىرىسىگە قارىتىش كېرەك. مەسىلەن، بىر مەھسۇلاتنى سېتىشتىن مۇلازىمەتكىچە، يۆتكەشتىن ئاسراشقىچە، ئىشلىتىشتىن ئىشلەش ئۈنۈمىنى ئۇزارتىشقىچە بولغان بارلىق جەريانلارغا سىڭدۈرۈش، ئىشقا

ئاشۇرۇش ئارقىلىق، تېجەش پائالىيىتىنى ھەقىقىي ئۇنۇمگە ئىگە قىلىش كېرەك.

**6. تېجەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، مەھسۇلاتقا، ئىستېمال ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزگەرتىپ تۇرۇش، مۇناسىپ، خاس تېجەش تەدبىر، ئۇسۇللىرىنى تېپىپ چىقىپ قوللىنىش كېرەك.** بۇنداق قىلغاندا تېجەش ھەرىكىتىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. بەزىلەر كونا ئۇسۇلنى قوللىنىپمۇ كۆزلىگەن ئۇنۇمنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ، ئەمما ھازىرقى زامان ئىستېمالىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق ۋە تۇراقسىزلىق تېجەش ھەرىكىتىنىڭ ئۇسۇل، تەدبىرلىرىنى يېڭىلاپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مول تەجرىبە ئاساسىدا يېڭىنى ئىجاد قىلىش، ئىجاد قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ خىل ماھارەت پۈتكۈل تېجەش ھەرىكىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولالايدۇ.

## تېجەشنى نەدىن باشلاش كېرەك؟

تۈرلۈك ئىش، تۈرلۈك مەزمۇندىكى تېجەش ھەرىكىتىنى نەدىن باشلاشنىڭ كونكرېت نۇقتىسى بولمايدۇ. پالانى ئىشنى قىلغاندا ئۇنداق تېجەشلىك بولىمەن، پۈستانى ئىشقا دۇچ كەلگەندە مۇنداق تېجەشلىك بولىمەن دەپ پو ئاتقىلىمۇ، ۋەدە بەرگىلىمۇ بولمايدۇ. تېجەشنى زادى نەدىن باشلاش مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى توغرىسىدا ھەرقانچە چوڭقۇرلاپ ئىزدەنسەكمۇ دەمال بىرەر قارارغا كېلىپ بولالمايمىز. بىز بىرەر ئىشنى قىلىۋېتىپ، باشلاپ بولۇپ، ئاندىن تېجەش نۇقتىسى تاپالىشىمىز مۇمكىن. بەزى ئىشلارنىڭ تېجەش نۇقتىسى ئېنىق بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىگە ئېنىق بىر نەرسە دېيىشىمۇ تەس. بىز بۇ نۇقتىنى تېپىشنىڭ ئالدىدا تېجەش پىلانىنى تۈزۈپ بولغان،

ھەتتا تېجەش ھەرىكىتىنىڭ باشلاش قەدەم - باسقۇچلىرىنى بېكىتكەن بولساقمۇ، ئۇ بىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەمما تېخى سىناپ، تەتبىقلاپ باقمىغان پائالىيەت نىشانىمىز بولغاچقا، ھامان ئىزدىنىش باسقۇچىدا تۇرغان بولىمىز. تېجەشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى زادى قايسى؟ قايسى نۇقتا بىز تېجەش پائالىيىتىنى باشلايدىغان مەنبە؟ دېگەن سوئاللار پەقەت رەسمىي بىرەر ئىشنى، تۈرنى قىلىشقا باشلىغاندا مەلۇم بولىدۇ. مۇبادا ئاشۇ تۈر تېجەش ھەرىكىتىنى باشلىغان كىشىنىڭ ئىلگىرى بىر قېتىم ئالدىدىن ئۆتكەن، تەجرىبە توپلىغان ئىش، تۈرى بولسا، شۇ چاغدا تېجەش پائالىيىتىنى قايسى نۇقتىدىن باشلىسا بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ناھايىتى ئېنىقكى، دەل باشلاش نۇقتىسىنى تېپىش بىر قەدەر قىيىن. ئۇنداقتا، باشلاش نۇقتىسىنى قانداق تاپىمىز؟ بۇ بىزدىن سەزگۈر، ئەستايىدىل بولۇشنى، ھەرقانداق ئىشنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ باشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، تېجەش پائالىيىتىنى باشلاشنىڭ نۇقتىسى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان، تېجەش پائالىيىتىگە يول ئاچىدىغان ھەرىكەت مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى قانداق ئىشنى قىلىڭ، شۇ ئىشتا تېجەشنىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك يولىنى ئېچىڭ. ھەممىسىدە خاسلىق بىلەن ئېھتىياجنى ئاساس قىلغاندا، ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

**1. تېجەشنى كىچىك ئىشتىن باشلاش كېرەك.** نۇرغۇنلىغان كىچىك ئىشلاردىن چوڭ ئىش ھاسىل بولىدۇ. كىچىك ئىشتىن چوڭ ھادىسە ۋە چوڭ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. تېجەشنى كىچىك ئىشتىن، ئاز - ئازدىن باشلاپ قىلىش كېرەك. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كىچىك ئىشلار

تۇرلۇك - تۈمەن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىز تېجىسەك بولىدىغان نۇرغۇن تەرەپلەر بار. بىز ئالدىنقى كىتابلاردا بۇ ھەقتە بەزى تەپسىلاتلارنى بايان قىلدۇق. مەسىلەن، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى كۆكتات سېتىۋېلىش، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، توك، سۇ، گاز ۋە باشقا تۇردىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە تېجەشلىك ئىش قىلغىلى بولىدۇ. تېجەشنى كىچىك ئىشتىن باشلاش يالغۇز مۇشۇ بىرقانچە تۈر بولماستىن، ئۇ تولىمۇ كەڭ ساھە، مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئاشۇ تۇرلەرنىڭ قايسى بىرسىدە تېجەش مۇمكىنچىلىكى بار دەپ قارىسىڭىز ۋە شۇنداق تونۇشقا كەلسىڭىز، ماس ھالدىكى تېجەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرسىڭىز بولىدۇ.

2. تېجەشنى بىرەر ئەمەلىي ئىشقا قوللىنىش ئارقىلىق باشلىسىڭىزمۇ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئادەت كۈچى، ئىستېمال قارىشى، قىممەت قارىشى، ئادەت خاھىشى، قىبلىنەما قىلىۋالغان ئەقىدىسى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، ھەربىر ھەرىكىتى، ئىش - پائالىيەتلىرىنىڭ تېجەش تۇرلىرى ۋە تېجەش ھەرىكىتىنى باشلاشقا بولغان چۈشەنچىسى، قوللىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تېجەش پائالىيىتىنى تەتبىقلاش، باشلاش قەدىمىمۇ ھەرخىل بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ تېجەش ئۇقۇمى ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمەل قىلىشتا جۈرئەت، جاسارىتى يوقالغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تېجەشنى نىيەت قىلسىمۇ، ئەمەلىي ھەرىكەت قوللانمايدىغان، قاششاق بولۇپ قالغان كىشىلەر تېجەشنى كونكرېتنى بىر ئىشقا قوللىنىش ئارقىلىق يول ئاچسىمۇ، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆرنەك ئېلىپ ئىشقا كىرىشىپ باقسىمۇ بولىدۇ.

3. تېجەش دائىرىسىنى بارا - بارا كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇرۇش. تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە تۇرلۈك تېجەش ھەرىكەتلىرىنى، تېجەش

پائالىيىتىنى يولغا قويغان ئادەم ئالدى بىلەن مەلۇم بىر ئىشقا قوللىنىش ئارقىلىق يول ئېچىپ، ئاندىن كۆپ ئىشقا كەڭ دائىرىدە تەتبىقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي ئىشقا يۈزلەندۈرسە، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرىدىغان تەسىرى، ئۈنۈمى ئالاھىدە زور بولىدۇ. بۇ خىل كېڭەيتىش، چوڭقۇرلاش تېجەش دائىرىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، ئۇنى تۇرمۇش، خىزمەتتىكى ھەرخىل پائالىيەت جەريانىغا سىڭدۈرۈشكە پۇرسەت، ئىمكان يارىتىپ، تېجەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

**4. زورۇقماسلىق، مەجبۇرىي تەتبىقلىماسلىق كېرەك.** بىرەر ئىشتا تېجەشنى يولغا قويۇشتا، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋالدا مۇناسىپ تەتبىقلاش تەدبىرىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇنىڭ ئەكسىچە، باشلاش نۇقتىسىنى تاپالماي تۇرۇپ ياكى ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن ئەھۋالدىمۇ، ئۇدۇللا زورۇقۇپ تېجەش، مەجبۇرىي تېجەش تەدبىرلىرىنى قوللانغاندا، ئۇنىڭ ئىجابىي تەسىرىدىن سەلبىي تەسىرى چوڭ بولىدۇ. شۇڭا، تېجەشنى نوقۇل ھەرىكەت ئاساسى قىلىۋالماسلىق، تاشلاپمۇ قويماسلىق، ئېھتىماللىقى يوق بولسا، زورۇقۇپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

## تېجەشلىك بولۇشتىكى مۇھىم شەرتلەر

بىز يۇقىرىدا تېجەش ھەرىكىتىنىڭمۇ بىر خىل كەسىپ، شۇنداقلا بىر خىل ئىقتىدار ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. گەرچە تېجەش ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا رەسمىي كەسىپ بولۇپ شەكىللەنمىگەن، نەزەرىيەلەشتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئومۇملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىزگە تېجەشكە نىسبەتەن يۈكسەك ئېتىبار بىلەن قاراش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ئاكتىپ

قوبۇل قىلىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى گەۋدىلەندۇرۇشىمىز ھەم ئۇنۇمىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، تېجەشلىك بولۇشتا ئۇسۇلىمىز ئىلمىي، ھەرىكىتىمىز مەدەنىي، پوزىتسىيەمىز قىزغىن، سەمىمىي بولۇشى كېرەك.

1. سەمىمىي بولۇش كېرەك. سەمىمىي بولۇش تېجەش پائالىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم. سەمىمىي پوزىتسىيە، توغرا تەپەككۇر ۋە مۇۋاپىق تەتبىقلاش تېجەش پائالىيىتىنى ياخشى، راۋان قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. سەمىمىي بولۇش — راستچىل، لىللا، ھەق بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، تېجەش جەريانىدا دەل مۇشۇ خىل تەرەپلەر ئەينەن گەۋدىلەندۈرۈلسە، ئىشقا ئاشۇرۇلسا، تېجەش ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنى راۋان، ساغلام، بىخەتەر قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ھەربىر ئىش ھالقىسىدا تېجەش ئۆلچىمى، تەرتىپى، جەريانى، مۇھىم نۇقتىلار ۋە ئاخىرقى نىشان قاتارلىقلار ئەينەن، ئاشكارا ھالدا ئېتىراپ قىلىنىشى بىلەن بىرگە ئىشلەپچىقارغۇچى، ساتقۇچى، ئىستېمال قىلغۇچىلارنىڭ ئورتاق نازارىتىدە بولىدۇ. بۇ خىل ئاشكارىلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشلىنىدۇ ۋە ئېتىراپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېجەش ئومۇمىي ھەرىكەت، ئومۇمىي پائالىيەت ۋە كەڭ ئاۋام كۆڭۈل بۆلىدىغان ئاساسىي ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

2. ئىلمىي بولۇش كېرەك. تېجەشلىك بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ئىلمىي پوزىتسىيەلىك، توغرا تەدبىرلىك، مۇۋاپىق پىلان تۈزۈپ ئىش قىلىدىغان بولۇش كېرەك. ئىلمىيلىك تېجەش ھەرىكىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر تەرەپ. بۇ تېجەش ھەرىكىتىنى ئۇزاق مەزگىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈنۈمىنى، نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئاساس سالىدۇ. پەقەت ئىلمىي پوزىتسىيە بولغاندىلا، قىيىنچىلىقتا، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندا تەمكىن، پايدا ئالغان ياكى زور نەتىجە قازانغاندا كەمتەر بولغىلى، خاتالىق بىلەن

سەۋەنلىك، نەتىجە بىلەن خۇشاللىقا مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تېجەشتىن ھاسىل بولغان پۇل ۋە بايلىقلارنى خالىس ئىشلارغا سەرپ قىلالايدىغان، ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بۆلۈپ بېرەلەيدىغان قىزغىنلىق يېتىلىدۇ.

**3. پەزىلەتلىك بولۇش كېرەك.** پەزىلەتلىك بولۇشنىڭ دائىرىسى بەكمۇ كەڭ. تېجەش پائالىيىتى جەريانىدىمۇ ئاشۇ پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسىي تەرىپىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرەلەيدىغان بولۇش كېرەك. بولۇپمۇ، تېجەش جەريانىدا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىش، ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، خاسلىققا ئىگە، شۇ ئىشقا باب كېلىدىغان خىسلەت، پەزىلەتنى ساقلاش كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە كۆز قىزارتماي، يامان نىيەت، يامان غەرەزدە بولماي، ئىمكان بار باشقىلارنىمۇ پايدىغا ئىگە قىلىدىغان، ئۆزىمۇ نەپ ئالىدىغان ئۆزئارا بىردەكلىكنى بەرپا قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى غۇرۇر، ئوبراز، ۋىجدان، ئەقىدىسىنى ساقلىشى، قوغدىشى كېرەك.

**4. پىلان ـ تەسەۋۋۇرغا ماھىر بولۇش كېرەك.** بىز كۆپ ھاللاردا تېجەش پائالىيىتى بولسۇن ياكى باشقا پائالىيەتلەردە بولسۇن، ئالدى بىلەن مىقدارى، كۆلىمى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، مۆلچەرلەش ئارقىلىق نەرسىلەر ۋە ھەرىكەتلەرگە «دىياگنوز» قويىمىز، بۇ دەل بىزنىڭ پىلان ئاساسىمىز بولۇپ، ئۇتۇقلۇق بولۇش ـ بولماسلىقى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمىزنى دەلىللەش، ئىسپاتلاش بولۇپ، ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ھۆكۈم قىلىمىز. مانا بۇ بەكمۇ ئېغىر يېتەرسىزلىك بولۇپ، ئۇ بىرەر ئىشتا نەتىجە قازىنالماسلىقىمىز، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەسلىكىمىزدىكى مۇھىم سەۋەب. تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئاۋۋال بىز بۇ خىل خام مۆلچەر ئۇسۇلىنى قوللانماسلىقىمىز كېرەك. تېجەش پائالىيىتى باشلىنىشتىن ئاۋۋال شۇ تېجەش ئوبيېكتى بولغان ئىش، تۈر

ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ياخشى پىلانلاش، لايىھەلەش كېرەك. تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىدا مانا مۇشۇنداق پىلانلاش، باھالاش، ئالدىن بېكىتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. بۇ خىل ئىقتىدار تېجەش پائالىيىتى بىلەن ئىلمىي، توغرا، مۇۋاپىق شۇغۇللىنىشتا يول باشلاش رولىنى ئويناپ، نەتىجە قازىنىش نۇقتىسىغا باشلاپ بارىدۇ. تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى چوقۇم ئۆزىدە خاس، جانلىق، ئىلمىي بولغان پىلانلاش، لايىھەلەش، يېتەكلەش، باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

5. كەڭ قورساق بولۇش كېرەك. تېجەش ھەرىكىتى جەريانىدا ھەرخىل توسالغۇ ۋە خىرىس تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ يەردىكى توسالغۇ ۋە خىرىس سۈنئىي ئامىللار ۋە ماس قەدەمدە قارشى كۈچ بولۇپ شەكىللىنىپ پەيدا بولىدىغان، بەسلىشىدىغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇ بىرقانچە تەرەپ تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىدىن كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، سېخىيلىق، كۆيۈمچانلىق قاتارلىق ئېسىل خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

6. جۈرئەتلىك بولۇش كېرەك. تېجەش كۆپ ھاللاردا ئۆزىنىڭ رايىغا باقمىدۇ، بەزىدە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا سازاۋەر بولسىمۇ، بەزىدە ئۇنداق بولالمايدۇ. بۇ يەردىكى گەپ يەنىلا تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ جۈرئەت، جاسارىتىنىڭ بار - يوقلۇقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى چوقۇم جۈرئەتلىك، تەشەببۇسكار بولۇشى، بۇ خىل ئىچكى - تاشقى ماھىيەتلىك ھەرىكەتنى توغرا يولغا سالالايدىغان تەۋرەنمەس ئېتىقاد، ئىرادىدە بولۇشى كېرەك. بۇ بارلىق تېجەش پائالىيەتلىرىنى باشلاش، ئېلىپ بېرىش، داۋاملاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇڭا، «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ» ئەمەس، چوقۇم بولىدىغان ۋە بولۇشقا سەۋەب بولىدىغان

جۇرئەت، پاراسەتنى ھازىرلاش كېرەك.

**7. ئىقتىدارلىق بولۇش كېرەك.** تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر ياكى بىرقانچە خىل ئىشتا تېجەشنى قانات يايدۇرىدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىشى كېرەك. بۇ خىل ئىقتىدار ئۇزاق مەزگىللىك داۋاملاشتۇرۇش، تەتبىقلاش، توپلاش، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۇرۇش داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدار تېجەشنى پىلانلاش، باشلاش ۋە يولغا قويۇپ داۋاملاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ. ئىقتىدارنىڭ ئۆزى ماھارەت، ماھارەتنىڭ ئۆزى كەسپىي ساپا بولۇپ، شۇ ئىش، شۇ ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىي جەريانىنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق يۈرۈشى ئۈچۈن يول كۆرسىتىپ، نەتىجىسىنىڭ ياخشى، ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ.

**8.** تەرەققىيپەرۋەر بولۇش كېرەك. تېجەشلىك كىشىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى تەرتىپلىك، پىلانلىق بولىدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدۇ، ئوبرازى ياخشى، توپلىغان پۇل - مېلى كۆپ بولىدۇ. بۇ ھال تەبىئىيكى ئۇ كىشىدە بىرقانچە تۈرلۈك پەزىلەت ۋە ئىقتىدارنى ھازىرلاشقا سەۋەب بولىدۇ. ئۇ، ماھىيەتتە شۇ كىشىدىن تەرەققىيپەرۋەر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەكسىچە، ئۇ كىشى پىخسىق، ئاچ كۆز بولسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن پەزىلەت، ياخشىلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك كەلمەيدۇ، بەلكى جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدىغان ئاددىي ئادەم بولۇپ قالىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى ئادا قىلالايدىغان ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا پۇل - مېلى كۆپ ئادەم بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداقتا، كۆپەيگەن پۇل، مالنى قانداق ئىشلىتىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ بولىدۇ. ئۇنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسىدىمۇ يەنىلا تېجەشلىك بولۇش، ئەھمىيەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. پۇل - مال،

بايلىق توپلانغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆلۈك ھالدا تۇرۇپ قالسا، ئورۇنلۇق ئىشلىتىلمىسە، ئۇنى توپلىغانىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئىشلىتىش، ئوبوروت قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ يەنە قىممەت يارىتىش، جەمئىيەت، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. تېجەلگەن پۇل، مالنى ئەھمىيەتلىك، خاسىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى زامانغا، كەسىپكە ماسلاشتۇرۇپ، تۇرلۇك تەرەققىياتلارنىڭ كۈچ ئۆلچىغۇچىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىش كېرەك. بۇ شۇ ئادەمنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىكىنى يېتىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنى تاۋلاپ، شۇ ئادەمنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىنى تېخىمۇ نۇرلۇق قىلىدۇ.

## تېجەش پائالىيىتىدە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك

تېجەش پائالىيىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار ئىنتايىن كۆپ. بىز مەيلى قىسمەنلىك ياكى ئومۇملۇقتىن قارىساق، ئوخشاشلا دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان بىرقاتار مۇھىم نۇقتىلار بار.

**1. پىخسىق بولماسلىق كېرەك.** بەزىلەر تېجەشلىك كىشىلەرنى پىخسىق، چاكىنا، چىدىماس دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا ئادەملەرنى ئاشۇنداق تۇيغۇغا ئىگە قىلىپ قويىدىغان ئامىللار مەۋجۇت. بەزى ئادەملەردە ھەقىقەتەن ئاشۇنداق روھىي ۋە جىسمانىي ھالەتلەرمۇ يېتىلىپ قالىدۇ. بۇ تېجەش ھەرىكىتىنىڭ سەلبىي تەسىرىنى قوبۇل قىلىش، چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش بولۇپ، تېجەشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى پىخسىق بولۇپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تېجەشنىڭ ماھىيىتى قارىماققا ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، خاسلىقىنى سەللا يوقاتسىلا، ئىككىنچى بىر خىل ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ

دەل بىز دەۋاتقان پىخسىقلىق ھالىتىدۇر. بۇنداق ھالەت ھەرقانداق ئادەمنى تۈۋەن، پەس، ئەرزىمەس قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، تېجەش بىلەن پىخسىقلىقنىڭ چەك - چېگراسىنى ئېنىق ئايرىپ ھەم شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىش زۆرۈر. تېجەشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك سېخىيلىق، ئالىيجانابلىق بولىدۇ. ئەگەر پىخسىق بولۇش ھالىتى بارلىققا كەلسە، تېجەشنىڭ نەتىجىسى تەتۈر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، پىخسىقلىق بىلەن تېجەش پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى، ئۇقۇمى، سۈپەت ۋە باشقا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكلىرىنى ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، پىخسىقلىق تېجەش پائالىيىتىگە تۈپتىن ماس كەلمەيدىغان باشقا بىر ئىش.

2. قورقۇنچاقلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. بۇ يەردىكى قورقۇنچاقلىق ھەرقانداق ئىشتا قورقماي ئىش قىل، دادىل بول دېگەنلىك بولۇپ، تېجەش پائالىيىتى جەريانىدا ئىككىلىنىش، مەيۇسلىنىش ۋە سوۋۇپ كېتىش ھالەتلىرى يۈز بەرمەي قالمايدۇ. بۇنداق بىرقاتار روھىي ھالەتلەر كۆپ ھاللاردا شۇ كىشىنى قىلمىۋاتقان ئىشىدىن قورقىدىغان، ئۇنى يامان كۆرىدىغان ياكى قىلغۇسى كەلمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، بەزى ئىشلاردىكى تېجەش پائالىيىتى مۇۋاپىق بولماسلىق تۈپەيلىدىن، تېجەش ھەرىكىتى چەكتىن ئېشىپ كېتىپ، ھادىسە تۇغدۇرغان، ئېغىر زىيان سالىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئاۋۋال ×× ناھىيەدىكى بىر تىجارەتچى ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى ماي ئىسكىلاتىنىڭ بەزى چىقىملىرىنى تېجەپ، كۆپرەك پۇل تېپىش ئۈچۈن، مەخپىي ماي ئىسكىلاتى ياساپ، يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرى كەم، ھادىسە بىر تەرەپ قىلىش مۇداپىئەسى يېتەرلىك بولماسلىق سەۋەبىدىن ئوت كېتىپ پارتلاش يۈز

بېرىپ، بىرقانچە يىل تاپقان بايلىقى تەلتۆكۈس بەربات بولىدى. تېخىمۇ يامان يېرى، قانۇنسىز ماي تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تاپقان هارام تاپاۋىتى زىيادە كۆپ بولغاچقا، قولغا ئېلىنىپ، قاتتىق، ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدى. بۇنداق تىجەش تولىمۇ خاتا بولۇپ، ئۇ دەماللىققا ئۇنۇملۇك بولسىمۇ، ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ. شۇڭا، تېجەش پائالىيىتىدىمۇ بىخەتەرلىك ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى، ساغلام بولۇش يېتەكچى قىلىنىشى كېرەك. بۇ يەردىكى «قورقماسلىق» ئەتراپلىق قىلىش، مۇۋاپىق قىلىش ئارقىلىق هەل قىلىنىدۇ.

**3. تېجەش پائالىيىتىدە زىيادە زورۇقۇش، قىزىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.** ھەقىقەتەن بەزى تۈرلەردىكى تېجەشنىڭ ئۈنۈمى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىدۇ. ئالايلۇق، بەزى شىركەت، كارخانا، زاۋۇتلار مەھسۇلاتلىرىنى تېجەش شەكلىدە ئىشلەپچىقىرىپ، تېجەش كىرىمىنى پايدا كىرىمى قىلىپ، بازارغا سالغان مەھسۇلاتلىرىنى تۆۋەن باهادا ياكى تەننەرخ باھاسىدا ساتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا زىيان تارتمايدۇ. بەلكى، سېتىش مىقدارىنى ئاشۇرۇش يولى بىلەن بازار ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بازارلاردا ئوخشاش تىپتىكى مەھسۇلات باھاسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان باھا، سېتىش ئەھۋالى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق مەھسۇلاتلار ماركىسىنىڭ ۋە ئىشلەپچىقارغان، ساتقان ئورۇننىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەنلا پەرقلىنىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە تېجەش كىرىمى ياخشى دەپ ھەممىلا تۈرگە، ھەممىلا ئىشقا تېجەشنى زورۇقۇپ قوللانماسلىق كېرەك. بۇ خىل ئەھۋال ئىككىنچى تارماقتا سۆزلەنگەندەك هادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**4. باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.** تېجەش پائالىيىتى بىر خىل تىجارەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ باشقىلار

سالغان مەبلەغ ياكى ئۆزى سالغان مەبلەغنى مەنبە قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ۋاسىتىلىك ھەرىكەت. ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ يولىدا مېڭىش جەريانىدا باشقىلارنىڭ يولىغا كىرىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال بەلكىم باشقىلارغا زىيان سېلىش ياكى باشقىلارنىڭ پايدا ئېلىشى يوللۇق بولغان تۇرۇقلۇق پايدىلىنالماسلىق ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان غەيرىي نورماللىقنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ساقلىنىشتا ئەھمىيەت بېرىش ۋە توسۇش بىلەن بىرگە، قارشى تەرەپ رازى بولسا، مەلۇم مەزگىل پايدىلىنىش ياكى ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئەكسىچە، بىلىپ تۇرۇپ قەستەن پايدىلىنىپ، زىيان سالىدىغان نامۇۋاپىق تېجەش ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق كېرەك.

**5. تېجەش پائالىيىتى بىلەن قارىغۇلارچە شۇغۇللانماسلىق كېرەك.** بىلىپ قىلىش شۇ خىل تېجەشنى ياخشى ئۇتۇققا سازاۋەر قىلىدۇ. ئاز - تولا بىلىپ ياكى بىلمەي قارىسىغا تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش بەزىدە ياخشىلىق ئاتا قىلسا، بەزىدە خاپىلىق پەيدا قىلىشى مۇمكىن. تېجەشكە مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تۈزۈملەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە مۇناسىپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، پايدىلىنىش پرىنسىپلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، بوي سۇنۇش كېرەك. مەسىلەن، بەزى تۇرلەردە تېجەش چەكلىنىدۇ، بەزى تۇرگە ئازراق تېجەش چېكى بېكىتىپ بېرىلگەن بولىدۇ، يۇقىرىقىلارغا دىققەت قىلمىغاندا، كۆتۈلمىگەن ھادىسە، زىيان كېلىپ چىقىدۇ.

**6. تەكەببۇرلۇقتىن ساقلىنىش كېرەك.** تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، شۇ كىشى شۇ تۇردىن زور ئۇتۇققا سازاۋەر بولىدۇ، بۇ ئۇتۇق بەزى ساپاسى تۆۋەن ئادەملەرنى تەكەببۇر، مەمەدان قىلىپ قويىدۇ. ساپاسى بار، كەڭ قورساق، سەممىي ئادەملەر تېخىمۇ كەمتەر، ئېھتىياتچان بولىدۇ. تېجەش

پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشكەندە، ئۇنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىدىغان روھنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

## تېجەش ھەرىكىتى

تېجەش ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسى بەكمۇ كەڭ ۋە تەتبىقلاش نۇقتىلىرى ھېسابسىز بولىدۇ. ئۇ رەسمىي تەتبىقلىنىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ كۆپ خىل پايدىلىق تەرەپلىرى، ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىچىلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بىز بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسىنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن كۆرەلەيمىز.

**1. تېجەش ھەرىكىتى توپلاش ھەرىكىتىنى، ئىسراپ قىلىشنى چەكلەش ھەرىكىتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.** كونىلاردا «تامار ـ تامار كۆل تولار» دەيدىغان ھېكمەت بار. تېجەشنىڭ جەريانىمۇ ئاز ـ ئازدىن يىغىش، توپلاش ئارقىلىق راۋاجلىنىشىدىغان جەريان بولۇپ، بىرەر ئىشتىكى تېجەش ھەرىكىتى ئاز ـ ئازدىن پۇل، ماددىي بۇيۇم، سەرپىيات، تەننەرخنى قىسىپ قېلىش، ئىسراپ بولۇشنى چەكلەش، يىغىپ توپلاش ئارقىلىق ئۈنۈم يارىتىدۇ. ئۇ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلسا، ئەسلىدە يوق نەرسىدىن بار نەرسىنى ياكى بار بولسىمۇ يېتەرلىك ئەمەس نەرسىنى يېتەرلىك، كۆپ، ھەتتا مول قىلىپ بېرىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تېجەش ئىسراپ بولۇۋاتقان ماددىي، مەنىۋى بايلىقلارنى ئىسراپ قىلىشتىن چەكلەيدۇ، نۇرغۇن بىھۇدە خوراۋاتقان، بۇزۇلۇۋاتقان ۋە يوقىلىۋاتقان نەرسىلەرنى قايتا ئىشلەش، قايتا ياساش، قايتا قىممەتكە ئىگە قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن تېجەش ـ ئىسراپچىلىقنى چەكلەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى.

**2. تېجەش پايدا يارىتىدىغان سېخىي قول.** تېجەشنى بىر خىل يوشۇرۇن سېخىي قول دېيىشكە بولىدۇ. مەلۇم بىر ئىش

تۇرىدە تىجەشنى يولغا قويغاندا، كۆڭلىمىزدە پىلان، نىشان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى رەسمىي كۆرگەن چاغدا، ئۇنىڭ بىز ئويلىغاندىنمۇ كۆپ نەتىجە بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ چاغدا بىز تىجەشنىڭ سىخىي قولى ئارقىلىق بىزگە تۇرغۇن ساپ پايدا يارىتىپ بەرگەنلىكىدىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز ھەمدە ئۇنىڭ شۇ قەدەر قەدىرلىك، ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىمىز.

**3. تىجەش ئائىلىنى باياشات قىلىدۇ.** بىر ئائىلىنىڭ تەقدىرى شۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قولىدا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە شۇ ئائىلىدىكى كىشىلەرنىڭ تەدبىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقى، ئۇنۇملۇك - ئۇنۇمسىزلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىر ئائىلىدە تۇرلۇك - تۇمەن ئىش - ھەرىكەت بولىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇش بىلەن تۇرلۇك تۇمەن ئىش - ھەرىكەتلىرىدە تىجەش ھەرىكىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇش – ئائىلە ئۇلىنى ۋە ئائىلە بايلىقىنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئائىلىدە ئىلىپ بېرىلغان بۇنداق تىجەش – بارلىق ئىسراپچىلىقنى چەكلەش بىلەن بىرگە، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكەت قەدىمىنى ماسلاشتۇرىدۇ. ئىستېمال قىلىش، سېتىۋېلىش، تەرەققىي قىلىش، مۇستەھكەملەش، خاتىرجەملىك، پاراۋانلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە تۈرتكە بولۇش، يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. قانداق ئائىلە تىجەشلىك بولىدىكەن، شۇ ئائىلە بەرىكەتلىك ئائىلە، شۇنداقلا بەختىيار ئائىلىگە ئايلىنىدۇ.

**4. تىجەش بايلىق توپلاپ بېرىدىغان ئەگۈشتەر.** تىجەشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بايلىق توپلاش بولىدۇ. مەيلى بىز ئائىلىدە بولايلى، خىزمەت ئورنىدا بولايلى ياكى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا بولايلى، تىجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانساق، ئۇنىڭ ئۇنۇمى بايلىق توپلاپ بېرىش بولىدۇ. تىجەشنى مەيلى بىرقانچە تۈرگە، مەيلى ئادەتتىكى تۈرلەرگە

تەتبىقلايلى، چوقۇم ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. بىز مەلۇم بىر تۈردە بىرقانچە قېتىم ئۇنى تەتبىقلاپ نەتىجە قازانساق، تەجرىبە توپلىساق، ئېنىقكى باشقا تۈرلەرگە نۇقتىلارغا تەتبىقلاشنىمۇ بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان، يۈرۈشتۈرەلەيدىغان بولىمىز. دېمەك، تېجەش پائالىيىتى بىزگە بايلىق توپلاپ بېرىدىغان بىر ياخشى ئەڭگۈشتەر.

**5. تېجەش ھاياتلىق ئۇلىنى چىڭىتىدۇ.** نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ھاياتىنىڭ مۇستەھكەم ئۇلى، پۇختا ئاساسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەمما ئاشۇ نىشانغا تولا چاغلاردا يېتەلمەيدۇ. سەۋەبى، بىردە شەرت - شارائىت، ئىقتىسادىي ئەھۋال يار بەرمەيدۇ، يەنە بىردە ساغلاملىق ئەھۋالى، كەسپىي ئىقتىدارى دېگەندەك بولمايدۇ. گاھىدا ھەتتا ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى ئارقىلىق ھاياتلىق ئۇلىنى بەرپا قىلىدىغان، مۇستەھكەملەيدىغان ئادەملەرمۇ بىردىنلا ئاشۇ خىل ئارزۇسىنى، نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قالىدۇ. بۇ خىل يېتىشسىزلىك ۋە يېتەلمەسلىكنى ھېچبىر ئامال بىلەن تولدۇرغىلى بولمايدۇ. تېجەش ئادەملەرنىڭ مانا مۇشۇ خىل يېتىشسىزلىكنى قاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بىز يەنە بىر كىتابتا بىر چوڭ گۇرۇھ لىدىرنىڭ سۇغۇرتىغا ئاز - ئازدىن پۇل تاپشۇرۇپ قويغانلىقى، ئاخىردا خوتۇن - بالىلىرىنىڭ ئاشۇ سۇغۇرتا پۇلى بىلەن كىشىلىك ھاياتتا قايتا نىجاتلىق تاپقانلىقىنى بايان قىلدۇق. تېجەش ھەرىكىتىنىڭ بۇ خىل ئارتۇقچىلىقى، خاسلىقى بىزگە نۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى، بايلىقنى ۋە ھاياتلىق دەسمايىلىرىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئالايلۇق، سىز ھەر ئايدا مەلۇم بىر ئىشتىن قىلغان كىرىمىڭىزدىن 10، 20 ياكى 50 يۈەن تېجەپ مېڭىۋەرسىڭىز، شۇ چاغدا ئاشۇ پۇل بىرقانچە يىلدا ناھايىتى چوڭ بىر ساننى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ سان ئەمەلىيەتتە سىز سەزمىگەن ھالدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئاخىردا سىزنىڭ ھاياتلىق ئۇلىڭىزنى پۇختىلاشقا لايىق قىممەت يارىتىدۇ. ھەرقايسى ئىدارە - ئورگانلار، خۇسۇسىيلارنىڭ سۇغۇرتا

ئورۇنلىرى ۋە ھەرخىل فوندلارغا ئاز - ئازدىن پۇل يىغىپ قويۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

**6. تېجەش ھەرىكەت ئاتا قىلىدۇ.** مەيلى بىز قايسى جەھەتتە تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنايلى، تەرتىپلىك، پىلانلىق ئىش ئېلىپ بارىمىز. بۇ دەل ئۆزىمىزدە بار بولغان ئىقتىدارنى، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ، بىزدىكى ئىسراپچىلىق، بىخۇدلۇق ئىللەتلىرى چەكلىنىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلغان ھەر بىر ئىشىمىز تەرتىپلىك، رەتلىك يۈرۈشۈپ، نەتىجىلىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىلغان ئىش، سەرپ قىلىنغان ئېنېرگىيە، چىقىم قىلىنغان ئىستېمال سەرپىياتلىرى ئۆزۈكسىز بەرىكەتلىك بولىدۇ.

**7. تېجەش پائالىيىتى كىشىلەرنى كەيپ - ساپادىن يىراق** قىلىدۇ. كەيپ - ساپانىڭ ئۆزى بىر خىل ئىسراپخورلۇق بولۇپ، كىشىلەرنى جىسمانىي، ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن نابۇت قىلىشتەك سەلبىي تەسىرى بولۇشىمۇ، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە بىلىپ - بىلمەي پېتىپ قېلىش، ئاخىردا ئادەتلىنىپ قېلىشتەك خاھىش بىلەن ئۇنىڭ شېكەرلىك قاپقانلىرىغا ئىلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق جەريانى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى ئىسراپچىلىق، بۇزۇپ - چېچىش بولۇپ، زىيان سالىدۇكى، ھەرگىز پايدا يەتكۈزمەيدۇ، مۇشۇ خىل ناچار ئىللەتكە ئادەتلىنىپ كەتكەن كىشىلەر تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا، كۈچلۈك چەكلەش كۈچىگە ئېرىشىدۇ. تېجەش بىلەن كەيپ - ساپا زادىلا كېلىشەلمەيدۇ، چۈنكى تېجەش نەرسىلەرنى توپلاش، يىغىشنى نىشان قىلسا، كەيپ - ساپا نەرسىلەرنى بۇزۇش، ئىسراپ قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تېجەش پائالىيىتى شۇ خىل كىشىلەرنىڭ كەيپ - ساپادىكى بۇزۇقچىلىقى، ئىسراپچىلىقنى چەكلەپ، ياشاش يولىدىكى ئاز بولمىغان دىشۋارچىلىقنى تۈگىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**8. تېجەش پائالىيىتى پۈتكۈل جەمئىيەت، خەلققە بەخت ئاتا** قىلىدۇ. تېجەش پائالىيىتى كەڭ خەلق ئاممىسى ئېتىراپ

قىلىدىغان ياخشى ئىش. ئۇ كەڭ خەلقنىڭ ئورتاق ھەرىكىتىگە ئايلانسا، خەلقنىڭ ئۆزىگە، دۆلەتكە، مىللەتكە غايەت زور بايلىق ۋە بەخت ئاتا قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز ئالدىنقى ئەسىرنىڭ جاپالىق يىللىرىدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ تېجەش پائالىيەتلىرىنى، شۇنداقلا تېجەش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. يېقىنقى زاماندا بولسا، سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنچۇەن ناھىيەسىدە قاتتىق يەر تەۋرىگەندە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىر، ئىككى يۈەندىن تېجەش، ئاتىغىنىنى ئىئانە قىلىش بىلەن غايەت زور پۇل، ماددىي بۇيۇم توپلىدى. بۇ ھال شۇ يەردىكى نەچچە يۈز مىڭ خەلققە ئاسايىشلىق ئاتا قىلىش بىلەن بىرگە، ۋەتەن، خەلق، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن غايەت زور بېسىمنى يوقىتىشقا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە پۇرسەت، ئىمكانىيەت ياراتتى. دېمەك، ئومۇمىي خەلق تېجەشنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت، ھەتتاكى ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان پايدىسى ئىنتايىن زور بولىدۇ.

9. بىر پۇڭدىن تېجەش ئاخىردا مىليونلاپ پۇل، غايەت زور قىممەتكە ئىگە ماددىي بايلىقنى يارىتىپ قالمايدۇ. بۇ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ راۋاج تېپىشىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي مەنبە ۋە ئىقتىسادىي ئاساسىي كۈچنى ھاسىل قىلىدۇ. بىز سانائەت كارخانىلىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىدا تېجەش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان، ئۇلار تېجەش ئارقىلىق تەننەرخنى تۆۋەنلىتىدۇ، تېجەش ئارقىلىق بايلىقنى قوغدايدۇ، ئاسرايدۇ ۋە بايلىقنى يارىتىدۇ. مەھسۇلاتلاردا ماتېرىياللارنى چىدامىلىق، كۆركەم، پۇختا قىلىش بازار ئېچىشتىكى، ئىستېمال ھاسىل قىلىشتىكى كوزىر بولغانلىقتىن، سانائەت كارخانىلىرى ئاشۇ خىل ماتېرىياللارنى تېجەشنى ناھايىتى تۈجۈپىلەپ ئىشلەپ ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ. بۇ يەردە بىز ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ۋاخاخا گۇرۇھى ئىشلەپچىقارغان مېنېرال سۇ بوتۇلكىسىغا قارايدىغان بولساق،

ئۇنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا ئىنچىكە تېجەش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس. مەسىلەن، ئاشۇ خىل سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ تولىمۇ ئاددىي ھەم ناھايىتى مۇۋاپىقلىقىنى كۆرەلەيمىز. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئاشۇ سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىدىنلا يەنە نەچچە مىليون يۈەن پۇلنى، ماتېرىيالنى تېجەپ قالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مانا مۇشۇنداق بىرقاتار تەرەپلەرنىڭ بولۇشى شۇ سانائەت كارخانىسى ۋە باشقا سانائەت كارخانىلىرىنى بەرپا قىلىش، قۇرۇش، زورايتىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**10. تېجەش ئادەمنى تاۋلايدۇ.** تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم تەبىئىي ھالدا ياخشى خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ، سەۋرچان، تەمكىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ خىل ئادەملەردە بىر خىل يۇقىرى كەسپىي ماھارەت تەشكىللەش، ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارى ھازىرلانغان بولىدۇ. بۇ خىل ئارتۇقچىلىق تېجەش پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرى، خاسلىقىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

## تامار - تامار كۆل تولار

تۇرمۇشتا دائىم نۇرغۇن ئىشلاردا پەم - پاراسەتلىك بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئاشۇ پەم - پاراسىتىمىز ئەمەلىيەتتە تېجەشتىن ئىبارەت بىر جەرياننى تەۋەللۇت قىلىدۇ. بۇ جەرياننى، يەنى ئاشۇ تەۋەللۇتنى بىز بەزىدە ناھايىتى ئاڭلىق ھالدا، بەزىدە ئىستىخىيەلىك ھالدا ئىجرا قىلىپ قالىمىز. كۆپلىگەن ئادەملەر دەل ئاشۇ نىشاننى دەپ نۇرغۇن ئىشلارنى پىلان، تەرتىپ ۋە قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن قىلىدۇ. مۇشۇ دەل ئەسلىدىكى بىر ئىشنىڭ ئاساسلىق چىقىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر ۋاقىت ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز دائىم ماتېرىيال بېسىش، ماتېرىيال كۆپەيتىش

ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمىز، قارىسىڭىز بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل جايىدا ئىشلەنگەندەك قىلىدۇ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرسەك ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ يەردە بىز سەككىز بەت ماقالىدىن ئىككى بەتنى تېجەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. مەلۇم بىر سەككىز بەتلىك ماتېرىيالنى 10 نۇسخىدىن چىقارماقچى بولساق، ئۇنداقتا مۇنداق بولىدۇ:

① 10 (نۇسخا) × 8 (بەت) = 80 (بەت)

② 20 (نۇسخا) × 8 (بەت) = 160 (بەت)

بۇ يەردە (1) قەغەز ئىسراپچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر؛ (2) سىياھ ئىسراپچىلىقى كۆپ؛ (3) ماشىنىنىڭ ئۇپراش ئىسراپچىلىقى ئېغىر؛ (4) ۋاقىت ئىسراپچىلىقى (بۇنىڭدا ئوقۇرمەنلەرنىڭمۇ ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ)؛ (5) سەرپىيات ئىسراپچىلىقى (كۆپەيتكۈچىنىڭ ۋاقتى، كۆپەيتىش جەريانىدىكى ساقلاش ۋاقتى، ھەرىكەت ۋاقتى، تۈپلەش ۋاقتى، رەتلەپ تۈرگە ئايرىش ۋاقتى، ئايرىپ مىخلاش، شىلىم بېرىپ چاپلاش ۋاقتى)؛ (6) توك ئىسراپچىلىقى دېگەنلەر تەبىئىي رەۋىشتە شەكىللىنىپ قالىدۇ.

بىز بۇ يەردە بىر ۋاراق قەغەزنى 0.5 يۈەندىن ھېسابلاپ باقايلى، ئۇ چاغدا مۇنداق بولىدۇ:

80 (بەت) × 0.5 (يۈەن) = 40.0 (يۈەن)

160 (بەت) × 0.5 (يۈەن) = 80.0 يۈەن)

ئەمدى بىز بۇنىڭ بارلىق چىقىملىرى ئۈچۈن ھەق تۆلەشكە توغرا كەلگەندە بىر بەت ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 0.40 يۈەندىن تۆلەيمىز. ئۇ چاغدا مۇنداق بولىدۇ:

① 80 (بەت) × 0.40 (يۈەن) = 32.00 (يۈەن)

② 160 (بەت) × 0.40 (يۈەن) = 64.00 (يۈەن)

ئەگەر بىز بۇنى ئۈرۈمچىگە فاكس ئارقىلىق يوللىساق:

① 80 (بەت) × 4.00 (يۈەن) = 320.00 (يۈەن)

② 160 (بەت) × 4.00 (يۈەن) = 640.00 (يۈەن)

بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا قارشى تەرەپ قوبۇل قىلىش ھەققىنى

ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئىككى يۈەندىن ئالىدۇ. ئۇ چاغدا:

① 80 (بەت) × 2.00 (يۈەن) = 160.00 (يۈەن)

②160 (بەت) × 2.00 (يۈەن) = 320.00 (يۈەن)

بولىدۇ. بۇ زور چىقىم ۋە ئىسراپچىلىق شۇ ئىشنى قىلغۇچىلارغا ئاز بولمىغان زىيانلارنى سالىدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دەل مۇشۇنداق ئىشلارغا مۇلازىمەت قىلىدىغان، سەممىيەتسىز, نوقۇل پۇل تېپىشنى كۆزلىگەن كىشىلەر دەل ئاشۇنداق يوچۇق ۋە بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، قىزىل كۆزلۈك بىلەن پۇل ئۈندۈرۈۋالىدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ سەككىز بەت ماتېرىيالنى قانداق قىلغاندا ئەڭ تېجەشلىك ھەم مۇۋاپىق نۇسخىلىغىلى بولىدۇ؟

بۇ سوئالغا تۆۋەندىكى جەريان ئارقىلىق جاۋاب بېرىشكە بولىدۇ.

مەن تۆۋەندىكى سەككىز بەت ماتېرىيالنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر - بىرلەپ نىشان بىلەن ئىش قىلدىم:

مەسىلەن: ① مەزمۇندىكى ئوخشاپ كېتىدىغان نۇقتىلارنى بىرلا يەرگە يىغدىم؛ ② 10 ئورۇنغا چۈشىدىغان ئىسىم، ئادرېس، ئۆلچەم، مىقدار، سانلارنى بىرلا يەرگە جەملىدىم؛ ③ تەكرار جۈملىلەرنى ئازايتىپ، بەك ئۇزۇن جۈملىلەرنى قىسقارتىپ، ئىخچاملىدىم؛ ④ قۇر ئارىلىقىدىكى بوش ئورۇنلارنى يوق قىلدىم؛ ⑤ قۇر ئارىلىقىنى ئەسلىدىكىدىن بىر ھەسسە كىچىكلەتتىم؛ ⑥ خەت شەكلىنى ئەسلىدىكىدىن كىچىكلەتتىم ھەم كۆرۈنۈشى ياخشى، ئوقۇپ پايدىلىنىشقا نۇقسان يەتمەيدىغان خەت شەكلىنى تاللىدىم. مېنىڭ بىردىنبىر نىشانىم كۈتكەن تەلەپنى ئادا قىلىش شەرتى ئاستىدا چوقۇم شۇنچە كۆپ مەزمۇننى پەقەت ئىككى بەتكىلا ئىخچاملاش ئىدى. مەن دەل ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ئىككى بەتكە ئىخچاملاش نىشانىغا يەتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئالتە بەت قىسقاردى. ئىككى بەتنىڭ ئومۇمي تەننەرخى:

①2 (بەت) × 10 (نۇسخا) × 0.5 (يۈەن) = 10.00 (يۈەن)

دىمەك: 3.00 يۈەن تېجەلدى.

②2 (بەت) × 20 (نۇسخا) × 0.5 (يۈەن) = 20.00 (يۈەن)

دىمەك: 6.00 يۈەن تېجەلدى.

بۇلاردىن باشقا فاكس ھەققى قاتارلىقلاردىكى چىقىملىرىمۇ نەچچە ھەسسە تېجەپ قېلىنىدۇ. ھەربىكەت تەرتىپى پايدىلىنىش جەريانىدىكى ئاۋارىچىلىكنى ئازايتىپ بارىدۇ.

قىسقىسى، بۇ خىل ئىشلاردا ئۇنىڭ پايدىسى بەكمۇ كۆپ بولىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلاردا تېجەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى زادى قايسى؟

1. ئالدىن پىلانلاش كېرەك. بۇنىڭدا قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ ئومۇمىي مىقدارى، زىچلىقى ۋە باشقا ئالاھىدە شەرتلىرىنى ئاساس قىلىپ، زادى قانچىلىك قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئۆلچەپ چىقىپ، ئۆلچەمگە ئاساسەن پىلانلىق ئىش قىلىش كېرەك.

2. ئىشنى قىلدۇرغۇچىغا ئۆزى پىلان قىلغان لايىھە بويىچە ئىشنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك. شۇ ئىشنى ياخشى قىلىشتا ئۆزى پىلان قىلغان ئۆلچەمنى ئاساسىي شەرت قىلىش كېرەك.

3. ئىشلەش جەريانىدا، ھەقىقەتەن پىلان، لايىھەدەك چىقمىسا، ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنى لايىھەگە يىغىنچاقلاش ياكى قىسمەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق لايىھەگە يېقىنلاشتۇرۇش ۋە ياكى بىز تېجەشنى مەقسەت قىلغان دائىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك.

4. قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى ئاز - تولا بىلىش ياكى بىلىدىغان بولۇش كېرەك. بىلمىسە بىلىدىغانلاردىن سوراش، مەسلىھەت ئېلىش، لايىھەنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

5. ئىشنى قىلغۇچى ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئۇنى قايىل قىلىش، سەممىي بولۇشقا ئۈندەش ياكى مۇناسىپ ھەل قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش كېرەك.

دىققەت قىلىش كېرەككى، ھەرقانداق بىر ئىشتا بىرىنچى قەدەم تېجەشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك قەدىمى، شۇڭا بىرىنچى قەدەمدىكى ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولغاندىلا، كېيىنكى ئىشلارغا

توسالغۇ بولمايدۇ ياكى ئىسراپچىلىق ھالقىلىرىغا چەك قويۇلىدۇ. «باي بولاي، پۇل تاپاي دېسەڭ، تېجە، تېجەشلىك بول. نامراتلىشاي دېسەڭ دىتسىز، پىلانسىز، كېلەڭسىز بول.» بۇ گەپ بىزگە ھەر ۋاقىت تەلىم بېرىدۇ. كونىلاردا «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس، پۇختا ئىش چېچىلماس»، «سەۋرچانلىق بىلەن قىلغان ئىش توزۇماس» دەيدىغان ھېكمەتلەرمۇ بار.

# مەڭگۈ خورىماس كەسىپ

## يىغىپ ساقلاپ تېجەش ـ ئىلغۇدىكى گۆشكە ئوخشايدۇ

بەزىلەر ئائىلىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ساقلاپ قويۇشنى ئاۋارىچىلىك دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاۋارىچىلىك دەپ قارىغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن ئاۋارىچىلىك، يەنە بەزىلىرى ئامەت بولىدۇ.

جەمئىيەتتە ھەرخىل نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلىغۇچىلار بار. ھەر يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان قەشقەر سودا يەرمەنكىسىدە بىر دېھقان يىغىپ ساقلىغۇچى يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىش، سېتىش، توپلاش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرى ئاساسەن ئۆزىمىزنىڭ قەدىمىي، يېقىنقى زاماندىكى تۇرمۇش ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىستېمالدىن قالغان بۇيۇملار. ھالبۇكى، ئۇ بىر مىللەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى يورۇتۇشتەك ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇنىڭ يىغىپ ساقلىغان بۇيۇملىرىنى ئاددىي، يۈزە، جانسىز، ئەھمىيىتى چوڭ ئەمەس دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى غايەت زور يوشۇرۇن بايلىق. ھېلىقى كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاشۇ بۇيۇملارنى ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن يىغقان ھەم ساقلاپ توپلىغان. ئۇ بىر دېھقان بولسىمۇ، شۇ ئىشقا قىزىققان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زاماندا يوقىلىۋاتقان مەدەنىيەت، ئەنئەنە ئامىللىرىنى ئۆرنەك سۈپىتىدە قايتا نۇرلاندۇرغان. ئۇ بۇيۇملارنى

دەسلەپتە بىر - ئىككىدىن ساقلاپ قويغان، يەنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساقلاپ قويغان، ئاخىردا ئۇ شۇ خىل نەرسىلەرنى باشقىلاردىن يىغقان. تاشلىنىپ قالغانلىرىنى ئۆتۈنۈپ ئالغان، مەسىلەن، مىس چۆگۈن قاتارلىقلارنى ئاز - تولا پۇل بېرىپ سېتىۋالغان. ئاخىردا ھازىرقىدەك كۆرگەزمە قىلىپ، كۆز - كۆز قىلغۇدەك ھالغا يەتكەن. ئۇ ھەر قېتىملىق كۆرگەزمىدە بىر قىسىم بۇيۇملىرىنى چەت ئەللىكلەر ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن تىجارەتچىلەر، ساياھەتچىلەرگە يۇقىرى باھادا ساتسا، بىر قىسمىنى قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ساقلاش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان، تەشكىلات، شىركەتلەرگە ساتقان. ئۇ يىغىپ ساقلاش، توپلاش ئارقىلىق قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، نۇرغۇن پۇلغا ئىگە بولغان.

بىز كىچىك ئىشلارنى تىلغا ئالساق، بەزى ئادەملەر دائىم لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر يىلبويى يول ۋە قورۇلۇش ئورۇنلىرى، ئېتىز - ئېرىقلاردىن مىخ، سىم، تۆمۈر - تەرسەكلەرنى يىغىپ ساقلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ نەرسىلەر ئۇنچىلىك جىددىي ئېھتىياجلىق بولمىسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا مەلۇم ۋاقىتتا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىدۇ، ئاتايىتەن بازاردىن ئېلىشقا تېگىشلىكمۇ بولىدۇ، ئالمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلاپ قويغاندا، مۇھىت بۇلغىنىشىنى ئازايتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنى سېتىۋالىدىغان چىقىم تېجىلىدۇ. ھەتتا، بەزىلەر شۇ خىل نەرسىلەرنى كونا - يېڭىنى يىغىپ سېتىۋالغۇچىغا سېتىپ خېلى كۆپ پۇل كىرىم قىلالايدۇ.

ھازىر شەھەرلەردە كېرەكسىز قەغەز، ھەرخىل قۇتىلارنى يىغىپ يۈرگەن باللار، ياشانغانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ خىل بۇيۇملارنى ھەركۈنى يىغىپ، بىرقانچە كۈندە 10 ~ 20 كىلوگىرامغا يەتكۈزىدۇ ۋە شۇ خىل بۇيۇملارنى توپ سېتىۋالغۇچىلارغا سېتىپ خېلى كۆپ پۇل كىرىم قىلىدۇ، بىرقانچە يىل ئىلگىرى

ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىكى بىر نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن شېشە يىغىش بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇنى ساتقان پۇل بىلەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم قىلغان. بۇ ئەھمىيەتلىك ئىش جەمئىيەتنىڭ، شۇنداقلا مەكتەپتىكى نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كەڭ كۆلەملىك قالدۇق بۇيۇملارنى يىغىش قىزغىنلىقى قوزغالغان. ئۇنىڭ پۇلى ھەر ئايدا بىرنەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكەن، بىر يىلدا 10 دىن ئارتۇق نامرات ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بەرگەن. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرۇلۇشىچە، شۇ ئىشنىڭ باشلامچىسى بولغان ھېلىقى ئوقۇغۇچى توپلاپ ساتقان بۇيۇملارنىڭ پۇلى بىلەن ئوقۇشقا ياردەم بېرىش فوندى تەسىس قىلغان. توپلىغان بۇيۇملارنى ساتقان پۇلدىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، مەخسۇس بىر تاللا بازىرى ئېچىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقان. ئۇلار يىغىپ، توپلاپ سېتىشتىن كىشىلىك تۇرمۇشقا، ئوقۇش قىيىنچىلىقى بارلارغا يول ئاچقان. يىغىپ ساقلاش، توپلاشقا ئادەتتە كۆپ پۇل كەتمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مىقدارىنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن كەلتۈرىدىغان پايدىسى كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە، كۆپ ھاللاردا بۇ خىل بۇيۇملار ئاساسەن تاشلاندۇق بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق دەسمايە كەتمەيدۇ. پەقەت زېرىكمەيدىغان روھ، سۇنمايدىغان ئىرادە، نومۇس دەپ بىلمەيدىغان پىسخىك ساپا بولسىلا، ئۇنى راۋان يۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئىچكى ئۆلكىدىن بىر ئىشلەمچى قەشقەرگە پۇلنى كۆپ تاپىمەن دەپ كەلگەن، ئەمما ئىش ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقماي، قانداق ئىش قىلىش لازىملىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغان. ئۇ شەھەر كوچىلىرىدا تاشلاندۇق نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەن ھەمدە ئۇنى يىغىشقا باشلىغان. مەلۇم دوختۇرخانىغا كىرسە، نۇرغۇن شېشىلەرنىڭ ئەخلەتخانىغا تاشلانغانلىقىنى كۆرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ نەرسىلەرنى يىغىشقا باشلىغان. شېشىلەرنى ئەينەك

زاۋۇتىغا، شىشە ئاغزىدىكى سولياۋنى سولياۋ زاۋۇتىغا، قەلەينى مىس زاۋۇتلىرىغا سېتىشنى ئويلاپ تەرەپ - تەرەپتىن ئالاقە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىلارغا تاغار، قاپ قويۇپ قويۇپ، ئۇنى كۈن - كۈنلەپ يىغىپ، يۆتكەپ سېتىشقا باشلىغان. ئۇ، ئۈچ يىلدا قەشقەردىكى ئەسكى - تۈسكىلەرنى يىغىپ ساتقۇچىلارنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالغان. ھەر يىلى بىردىن كىرا ئاپتوموبىلى ئېلىپ شەھەردە يولۇچى توشۇشقا تۇتۇش قىلغان، شەھەر ئىچىدىكى 10 نەچچە يەردىكى يىغىپ سېتىش ئورنىنى قۇرغان. ھازىر ئۇ باشقىلار يىغىپ ئاپارغاننى سېتىۋېلىپ، ساتىدىغان ۋاستىچىغا ئايلانغان. دوختۇرخانىدىكى بىر دوستۇم سۆزلەپ بەرگەن بۇ ئىشتىن قەشقەر كوچىلىرىدا ۋېلىسىپىتلىرىنىڭ ئارقىسىغا تور ساندۇقلارنى ئورنىتىپ، ئاشۇ خىل بۇيۇملارنى تەرگۈچى، سېتىۋالغۇچىلارنىڭ تەرەپ - تەرەپتە يۈرگەن كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمغا كەلدى.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ خىل بۇيۇملار ئەسلىدىنلا زور بايلىق بولۇپ، تاشلاندۇق بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قىممىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. گەرچە ئۇ بىر قېتىم ئىشلىتىشتىن كېيىن شەكلى ئۆزگەرسىمۇ، ئەسلىدىكى قىممىتى تۆۋەنلىسىمۇ، قايتا ئىشلىتىش، پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولۇشتەك قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. ئەمما، بىز ئۇنى دائىم تاشلىۋېتىمىز، بۇ ھەم مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھەم مۇھىتنى بۇلغاش، ھەم ئۆزىمىزنىڭ ئەسلىدىكى قىممەتكە ئىگە نەرسىلىرىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىندا بىرى ئانىسىدىن كايىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئانىسى سىرتلارنى ئايلانغاچ شىشە يىغقان، بالىلىرىغا ئىچىملىك ئىچكەن شىشىسىنى ئۆيگە ئەكىرىشنى تاپىلىغان. بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ھەر ھەپتىدە 10 ~ 20 يۈەن كىرىم قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆينىڭ سەي - كۆكتات، ئاچچىقسۇ، سوپۇنغا ئوخشاش تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغان. بۇ ئىش بەزى ئائىلە

ئەزالىرىغا ياقمىغان. باللارنىڭ بەزىلىرى بۇ پۇلنى بىز بىرەيلى
دېسە، ئانىسى ئۇ پۇلنى سەن خەجلە ياكى تېجەپ قالغىن، مەن
مۇشۇ خىل نەرسىلەرنىڭ پۇلى بىلەن داداڭلارنىڭ پۇلىنى تېجەپ
بېرەي دېگەن. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ خىل نەرسىلەردىن ھەر ھەپتىدە
10 يۈەنلىك ساتسا، بىر ئايدا 40 يۈەن، بىر يىلدا 480 يۈەن، ئون
يىلدا 4800 يۈەن، شۇ ئادەم 60 ياشقا كىرگەندە 28 مىڭ 800
يۈەن بولىدۇ. بۇ پۇل ئىسراپ قىلىنماي بانكىغا قويۇلسا، ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن 1.5% ئۆسۈم قوشۇلسا، ئۇ چاغدا بۇ پۇلنىڭ
ئۆسۈمى 12 مىڭ 441 يۈەن بولىدۇ. دېمەك، بىر ئادەم 60
يىللىق ھايات پائالىيىتىدە ھېچقانداق دەسمايە سالماي تۇرۇپ
پەقەت زېرىكمىسىلا ئائىلىسىدىكى ئاشۇ خىل بۇيۇملارنى يىغىپ
توپلاپ ساتسا، 41 مىڭ 241 يۈەن تېجەپ قالالايدۇ. ئەجەبا ، ئۇنى
يىغقانلىق چۈپەيلىك، ناچارلىق، بىچارىلىك بولامدۇ؟ بۇ
نادانلارنىڭ كۆزقارىشى.
بىر ئائىلىگە نىسبەتەن يىغىدىغان نەرسىلەر شۇنچىلىك
كۆپ، ئەمما كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۇنىڭغا سەل قارايدۇ، ئەخلەت
قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىشقا ئالدىراپ كېتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قايتا
پايدىلىنىش قىممىتىنى تۈپتىن يوق قىلىۋېتىدۇ. بەزى
نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلاپ قويۇشنىڭ ئىمكانىيىتى، زۆرۈرىيىتى
يوق. مەسىلەن، ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدىغان، سېسىيدىغان
بۇيۇملار. ئۇلارنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش، سېتىش كېرەك.
ئۇزاققىچە بۇزۇلمايدىغان، ساقلىسا بولىدىغان نەرسىلەرمۇ ئاز
ئەمەس. ئۇلارنى ساقلاش، توپلاش كېرەك. پەقەت ئورۇن بولسىلا
بىر مەزگىل ساقلاش، توپلاپ قويۇش زىيان كەلتۈرمەيدۇ.
ئائىلىدە يەنە چىنە - قاچا، ياغاچ - تاش، ئەنئەنىۋى قول
ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرى، شۇنىڭدەك تۈمۈر - تەرسەك
قاتارلىقلارنى ساقلاش، توپلاپ قويۇش كېرەك. ئۇ نەرسىلەر
تۇرمۇشىمىزدا ھامان لازىم بولىدۇ. بەزىلىرى ھەتتاكى، كېيىنچە
مۇھىم ئاسارىئەتىقە، مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ

چاغدا ئۇنىڭ بىردىنلا قىممىتى ئۆرلەپ، ئەسلىدىكى ھالىتىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق قىممەتكە، خاسلىققا، ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولىدۇ.

بىر تونۇشىمىز بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆيىنىڭ تۇرۇبا يوللىرىنى رېمونت قىلدۇرغاندا، كونا تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى ساتماقچى بولغان. سېتىۋالغۇچى ئۇ نەرسىلەرنى مەنسىتمەي، ئازغىنە باھا قويغان. ئۆي ئىگىسىنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كېلىپ تېرىككەن. كېيىن، ھېلىقى تۆمۈرلەرنى ئايرىم بىر جايغا چىرايلىق تازىلاپ، ئوراپ بېسىپ ساقلاپ قويغان. ئاردىن تۆت يىل ئۆتكەندە ئۇ ھېلىقى تۆمۈرنى ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەن، ئۇ بىر ئۆي سالماقچى بولۇپ، ئۆيگە دەرۋازا ۋە بىرقانچە خىل جاھازلارنى ياساتماقچى بولغان. ئۇ بازارغا بېرىپ قارىسا شۇ خىل بۇيۇملارنىڭ باھاسى زىيادە ئۆسۈپ كەتكەن. ئۇيان - بۇيان ئويلىنىپ، تەكرار سودىلىشىپ، ھېلىقى نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىڭ زىيادە يۇقىرىلىقىدىن دەرۋازىنىمۇ، باشقا جاھازىنىمۇ ئالالماي قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆيگە بېرىپ ھېلىقى تۇرۇبىلارنى تەكشۈرۈپ، ئوبدان تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولغان. ئۇ ئەتىسى تۆمۈرچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، 60 يۈەن ئىش ھەققى بېرىپ ساقلاپ قويغان ھېلىقى تۇرۇبىلار، ياغاچ شال - پەنەركىلەردىن پايدىلىنىپ، چوڭ بىر دەرۋازا ياساتقان. 10 يۈەنلىك سىر پۈركىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 700 يۈەنگە ئالالمىغان بىر دەرۋازىنى 70 يۈەن بىلەنلا پۈتكۈزگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بەزى نەرسىلەرنى بەك ياقتۇرمايمىز، نەزەرگە ئىلمايمىز، تېزرەك سېتىپ قولدىن چىقارساق، ئۇنى ساقلاش، جايلاشتۇرۇش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلساق دەيمىز. ھەممە نەرسىگە بۇ خىل قاراشتا بولۇشقا بولمايدۇ. ئۇلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلساق، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغىلى، ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى، قىممەت ياراتقىلى بولىدۇ. گەپ بىز ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىزدە، چۈشىنىشىمىزدە. ئۇنداق

بولمايدىكەن، ئېنىقكى قىممىتى بار نەرسىلەرمۇ قىممىتى يوق، كېرەكسىز نەرسىلەر بولۇپ قالىدۇ. ئۇنى بايقاش ئىقتىدارىمىزنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى شۇ نەرسىنىڭ قىممىتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بەلگىلەيدۇ. قىممىتى يوق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى قىممەتكە ئىگە قىلىش ـ چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا بايلىقنى، بولۇپمۇ تەبىئىي بايلىقنى تېجەپ ئۇنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى چەكلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنداق قىلىش ھەربىر ئادەمنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، مەجبۇرىيىتى. چۈنكى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بايلىق يالغۇز شۇ زاماندىكى ئادەملەرگە تەئەللۇق بولماستىن، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارغىمۇ تەئەللۇق. ئۇنى قوغداش، ئاسراش ۋە تېجەش ھەربىر ئادەمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. ئائىلىدىكى ئاشۇ خىل نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ پايدىلىنىشمۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن بايلىقنى تېجەپ بېرىش بولۇپ، ئۇنىڭ خاسىيىتى، ئارتۇقچىلىقى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. بەزىلەر بۇنى بىر خىل چاكىنىلىق، ئاچ كۆزلۈك دەپ قارىشى مۇمكىن. بۇنداق دېگۈچىلەر دەل كۆزى كورلار، ئەقلى چالا، نادانلاردۇر.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئائىلىدە ساقلاپ قويىدىغان نەرسىلەر ئاز ئەمەس. ئەمدىكى گەپ ئۇنى قانداق ساقلاش، قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق بايقاشتا. راستىنى ئېيتقاندا، بەزى نەرسىلەرنى ساقلاشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئىشنىڭ ئاساسىي كۆرۈنۈشى ۋە ماھىيەتلىك تەرىپى ئەمەس. ئۇ پەقەت كۆرۈنۈش جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمە ئىنكاس. قانداق تاللاش ئىشىدا، شۇ ئادەم ئۆزى قايسى نەرسىنى توپلاپ ساقلىسا ئەرزىيدۇ دەپ قارىسا، شۇ نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلىسا بولىدۇ. مانا بۇ توپلاش، ساقلاش، بولۇپمۇ ئائىلىدىكى نەرسىلەرنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توپلاش، ساقلاشنىڭ ئاچقۇچى.

خىزمەت ئورنىدىكى بۇيۇملارغا كەلسەك، ئۇ يەردىمۇ بىرگە

لازىملىق نەرسىلەر ئاز ئەمەس. شۇڭا، ئۇ يەردىكى كەسىپكە ئائىت كىتاب، گېزىت ـ ژۇرناللارنى، كەسپىي ئىش بېجىرىش قورال ـ سايمانلىرىنى توپلاش، يىغىپ ساقلاش كېرەك. بۇلاردىن باشقا، بىز كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئىش بېجىرىش، خىزمەت قىلىش، ئىش يۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ نۇرغۇن ماددىي بۇيۇملارغا ئېھتىياجلىق بولىمىز، ئىشلىتىمىز، قوللىنىمىز. ئۇنىڭمۇ زور بىر قىسمى ساقلاش، توپلاپ ئىشلىتىش قىممىتىگە ئىگە. شۇڭا، بۇ خىل بۇيۇملارنىمۇ ساقلاپ قويۇش سىزگە نۇرغۇن مەنىۋى، ماددىي ئۇزۇق بەرمەي قالمايدۇ.

## يىغىپ ساقلاشتىكى ئاجىز ھالقىلار

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلاشتا كۆپ تەرەپلىمە پايدىلىق ئامىللارغا ئىگە بولىمىز. ھالبۇكى، بىزدە مۇشۇ ھەقتىكى ساۋاتنىڭ كەم بولۇشى، قاراشنىڭ توغرا بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا كاشىلا بولىدىغان نۇرغۇن سەۋەب ـ ئامىللار بار. بۇنى بىز ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىسپاتلانغان مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن كۆرۈۋالايمىز:

**1. يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرىنى كۆزگە ئىلماي، يۈزەكى قاراش، سوغۇق مۇئامىلە قىلىش ئەھۋالى مەۋجۇت.** بۇنى بىرقانچە تەرەپتىن كۆرۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقىلاردا مۇھىت، تەرەققىيات، باي ۋە كەمبەغەللىك جەھەتتە چوڭ پەرق بولدى، ئۆتكەن بىر ئەۋلاد نامراتچىلىق، بېكىنمىچىلىك ئىلكىدە ئۆتتى. ئۇلاردا ساقلاپ قويغۇدەك، ئېشىنغۇدەك ماددىي بۇيۇم بولمىدى. ئۇلار نېمە تاپسا شۇنى ئىستېمال قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى ئاران ـ ئاران ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ئەۋلاد، يەنى بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئالدىنقى بىر ئەۋلاد كىشىلەر ھەل قىلالمىغان نەرسىلەرنى ھەل قىلىمىز، ھەممىنى

هازىرلايمىز دەپ، نوپۇس كىرىزىسى، مۇھىت بۇلغاش كىرىزىسى، كەسكىن رىقابەت كىرىزىسىغا دۇچ كەلدۇق، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، نامراتلىقتىن ئاستا - ئاستا قۇتۇلۇپ ھاللىق تۇرمۇشقا قەدەم تاشلىماقتىمىز. بىر قەدەر ھاللىق تۇرمۇش كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئالدىغا قاراش، كونىنى تاشلاپ يېڭىغا ماسلىشىش، قاتمال، ئەرزىمەس ئادەتلەرنى يېڭىلاپ، ئىشنى يېڭىچە مەدەنىيەت كۆزقارىشى بىلەن باشلاشتەك كۆپ قاتلاملىق يېڭىچە ئېقىم، يېڭىچە كۆزقاراشنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر كونىنى كېرەكسىز، يېڭىنى تەرەققىيات، كونىنى مەدەنىيەتسىز-لىك، ساپاسىزلىق، يېڭىنى مەدەنىيەت، ساپا ھازىرلىغانلىق دەپ ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى يىغىپ ساقلاش بىر خىل بىمەنىلىك، يارىماسلىق، كۆزى تويماسلىق. مانا مۇشۇنداق مەمەدانلىق نۇرغۇن كىشىلەردە تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا يۈزەكى قاراش، ئاددىي مۇئامىلە قىلىش، ھەتتا كۆزگە ئىلماسلىق ئىللەتىنى پەيدا قىلىپ، شۇ خىل نەرسىلەرنى يىغقانلارمۇ ناچار، چۈپرەندە ئادەم سانالدى. ئۆزىدىكى ئىشلىتىش قىممىتى بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئاشۇ خىل كىشىلەرنىڭ قارىشىدا كۆزگە ئىلمايدىغان، تاشلىۋەتسە بولىدىغان ئەسكى - تۈسكى نەرسە قاتارىغا كىرىپ قالدى. بولۇپمۇ، ھازىرقى تۇرمۇشى بىر قەدەر باياشات ئاتا - ئانىلار بالام ئىككى دەپ ئەتىۋارلاپ، كۆزىگە قاراپ، يەمسە ياق دەپ چوڭ قىلغان بالىلارنىڭ نەزىرى بەكمۇ ئۈستۈن، ئۇلار يىغىپ ساقلاش تۇگۇل، شۇ نەرسىلەرنى باشقىلارغا ئازغىنە پۇلغا سېتىشنىمۇ چاكىنىلىق دەپ قارايدۇ.

2. يىغىپ ساقلاشتا بەزىلەر كۆز ئالدىنىلا كۆرۈپ، كەلگۈسى قىممىتىگە سەل قارايدۇ. ئۇلار ۋاقتى ئۆتكەن، ھازىرقى زامانغا ماس كەلمەيدىغان، دەۋردىن قالغان نەرسىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا بەك ئېتىبار بەرمىسىمۇ بولىدۇ دەپ

قارايدۇ. شۇنداقلا، ئۇ خىل نەرسىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى تۈرى، قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، كېيىنكى قىممىتى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا نەزەر سالمايدۇ.

**3. بىر قىسىم كىشىلەر يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرىغا قارىتا بايلىقنى كۆز - كۆز قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ.** كىشىلەر مەلۇم نەرسىلەرنى بىردىنلا باشقىلارغا بىكارغا بېرىدۇ ياكى پايدا ئېلىۋالسۇن دەپ ئەرزانلا سېتىپ، قايتىدىن ئورنىنى تولۇقلايدۇ. «سېتىپ پايدا ئېلىۋالسۇن» دېگەنلىك قارىماققا باشقىلارغا ھېسداشلىق قىلىش، ئۆزىنى كەڭ قورساق، كۆزى توق كۆرسەتكەنلىك بولسىمۇ، ماھىيەتتە، ئۇ بىر خىل تەكەببۇرلۇق، نادانلىق بولۇپ، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى قامچىلىغان بىلەن باراۋەر ئىش. چۈنكى، سېتىپ پايدا ئېلىشنى بىلگەن ئادەم شۇ ئىشنى ئۆزى نېمىشقا قىلمايدۇ؟ دېمەك، ئۇ ئەخمەقنىڭ ئۆزىنى قامچىلىشى بولۇپ، ماھىيەتتىن ئالغاندا ئۇنداق قىلمىشنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. مانا شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ نۇرغۇن بايلىرىمىز ئۆزىدىكى بايلىق، مال - دۇنيانى بىلىپ تۇرۇپ بىھۇدە خورىتىۋېتىدۇ.

**4. چۈشەنچىسى يېتەرلىك بولماسلىق.** بەزىلەردە نەرسىلەرنى ساقلاش ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچە بولمايدۇ، ھەتتا قايسى نەرسىنى، قانداق ساقلاشنى، قانچىلىك ساقلاشنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ كېيىنكى يىللاردا يارىتىدىغان قىممىتىنى بىلمەيدۇ ياكى مۆلچەرلەپ بىرەر قارارغا كېلەلمەيدۇ. بۇ ھالدا ئۇ كىشىدە يىغىپ ساقلاش ئارزۇسى بولمايدۇ.

**5. بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش، ئازغىنە پۇلنى ياكى مەلۇم مەنپەئەتنى دەپ ئاشۇ خىل بۇيۇملارنى تېزدىن قولدىن چىقىرىپ قويىدۇ.** بىز دائىم كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئۇ نەرسىنى پالانىغا

ساتقانىدىم، مانا ھازىر مانچە پۇلغا ياراپتۇ، پوكۇنىغا پالانى نەرسىنى بەرگەنىدىم، مانا ئەمدى مەن ئالاي دېسەم، شۇ پۇلغا ئالالمايۋاتىمەن... دېگەندەك ۋايساشلارنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. بۇنداق ئادەملەر ئازغىنە پۇلنى ياكى مەنپەئەتنى دەپ، يىغىپ ساقلاش قىممىتى بار بۇيۇمنى قولدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

ئومۇمەن، بىزدە يۇقىرىقىدەك ئاجىزلىق، يېتەرسىزلىك مەۋجۇت. ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساقمۇ، كونكرېتلاشتۇرۇپ قارىساقمۇ، ئاشۇ بىر قانچە تارماقتىن يىراقلاپ كېتەلمەيمىز. بىز بۇنى ئىچكى - تاشقى باغلىنىش، خۇسۇسىيەت، ئەنئەنە، ياقتۇرۇش، ئېھتىياج، ھېسسىيات جەھەتتىكى بىر قاتار تەرەپلەرگە باغلىساق، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ مۇھىم سەۋەب - ئامىللىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشىمىز مۇمكىن. ئەمدى گەپ يۇقىرىقىدەك بىرقاتار روشەن تەرەپلەرگە ئەستايىدىل قاراش، ئاكتىپ ھەل قىلىش، بىردەكلىك ھاسىل قىلىشتا قالدى.

## يىغىپ ساقلاشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

يىغىپ ساقلاشنىڭ دائىرىسى بەكمۇ كەڭ، مەزمۇنىمۇ مول، تارماقلىرى كۆپ خىل. ئۇنى قانداق قوبۇل قىلىش ۋە يولغا قويۇش بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. بىزدە ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقىنى مەدەنىيەت ياردىكارلىقلىرىنى يىغىپ ساقلاش بولۇپ، ئومۇمىي نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇ تولىمۇ يېتەرسىز ۋە بەكمۇ ئاز، ئۇنى نورغۇن ئادەم قانات يايدۇرۇشى، قوغدىشى، بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بازىرى ئېچىلمىغان، ئېھتىياج يېتەرسىز بولغاچقا، ئۇنى بازار، پۇل، مەنپەئەت قوغلىشىپ قوبۇل قىلىدىغانلار كۆپ ئەمەس. ئەگەر نورغۇن ئادەم قوبۇل قىلسا، ئاندىن قىممىتى ئۆرلەيتتى، بازىرى كەڭ

ئېچىلاتتى، خۇددى ھازىرقى زاماندا ئەۋج ئالغان قاشتاشچىلىققا ئوخشاش.

مەيلى بىز قايسى خىل، قايسى تۈر، قايسى مەزمۇندىكى يىغىپ ساقلاش بىلەن شۇغۇللىنايلى ئۇ بىزگە مەنىۋى كۈچ، ماددىي مەنپەئەت ئاتا قىلىدۇ. ئەگەر ئادەمدە دەل ئاشۇنداق قىزغىنلىق، ھەۋەس ۋە ئادەتلىنىش تۇيغۇسى بولمىسا، ئۇ ھالدا شۇ ئادەمنىڭ سەزگۈسى ئاجىز، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتتىكى تەسىرى ناچار بولىدۇ. بىرەر ئىشقا مەشغۇل بولىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەستايىدىل، قىزغىن، جانلىق كېلىدۇ. ئۇلاردا روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلىشىش، ئازابلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشتەك بىر قاتار ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ. ئۇلاردىكى ئەستايىدىللىق ئەتراپىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقلار، يوچۇقلارنى ھېس قىلدۇرىدۇ. تېجەش، ئاسراش ۋە قوغداش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم تەرەپلەر ئۆزىنىڭ خاسلىقى بىلەن نامايان بولىدۇ. بىز ئالدىنقى بابلاردا ساقلىنىۋاتقان ئايرىم نۇقتىلار ئۈستىدە توختالدۇق. بۇ يەردە بىز يىغىپ ساقلاش، تېجەش، قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە زۆرۈرىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

**1. يۈرەكلىك ھالدا يول ئېچىپ، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.**

بىز يىغىپ ساقلىغاندا، ھەربىر نەرسىگە يۈزەكى پوزىتسىيە تۇتۇشتىن ساقلىنىپ، ئىنچىكە، چوڭقۇر ئانالىز قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. جەمئىيەتتە ھەربىر ئىش-ھەرىكەتكە، ھەربىر سۆز ۋە ھەربىر ماددىغا سەممىي، ئىنچىكە مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەملەر كۆپ، ئۇلار ئاشۇ خىل ئارتۇقچىلىقى بىلەن نۇرغۇن ئەقلىي بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبە توپلايدۇ. بۇ ئارقىلىق، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىش ۋە چۈشىنىش ئارتۇقچىلىقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار گەرچە يىغىپ، توپلاپ ساقلاش بىلەن شۇغۇللانمىسىمۇ، ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى ھېس قىلالايدۇ، ئاندىن كېيىنكى ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاشۇ خىل نەرسىلەرنى ماھىيىتىدىن باغلاپ،

ئۆزئارا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ نەتىجىگە ئېرىشىدۇ، شۇ ھەقتە دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ۋاقىت، ماددىي سەرپىيات قاتارلىقلارنى تېجەپ قالىدۇ. يۈزەكى قاراش بىر خىل پاسسىپ روھىي ھالەت. ئۇ كىمگە چاپلاشسا، زىيان سالىدۇكى، پايدا كەلتۈرمەيدۇ. لېكىن، يۈزەكى قارىمايمەن دەپ زىيادە كىرىشىپ، كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنى مۇۋاپىق جايىدا قوللىنىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن پاسسىپ تەسىر، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

**2. ئەستايىدىل بولۇش كېرەك.** يىغىپ ساقلاشنىڭ ئاساسى ماددىي بۇيۇم بولسىمۇ، ئۇنى بايقاش، مۇئامىلە قىلىش ئەستايىدىل بولۇشتىن كېلىدۇ. ئەستايىدىللىق ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بەزىلەر ھەقىقەتەن ئىنتايىن ئەستايىدىل، بەزىلەر قىسمەن ئەستايىدىل، بەزىلەر قىلچە ئەستايىدىل ئەمەس. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئەستايىدىللىق بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئالتۇن تۇۋرۇكى، تۈگىمەس بايلىقى. ئۇنى جارى قىلدۇرغاندىلا، نۇرغۇن قىيىنچىلىق ھەل بولىدۇ، نۇرغۇن تاشلاندۇق نەرسە قايتىدىن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. يىغىپ ساقلاش پائالىيىتىدىكى ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، بۇ خىل ئەستايىدىللىق خاسلىقى، ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ.

**3. يىغىپ ساقلاشتا ئىمكانىيەتنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك.** بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىمكانىيەت ئۆزىنىڭ شۇ نەرسىنى ساقلاش قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى، باشقىلارنىڭ ئېھتىياج ئىمكانىيىتى، كېلەچەكتىكى قىممىتىنىڭ ئىشقا ئاشماسلىق ئىمكانىيىتى قاتارلىق كۆپ خىل تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ شۇ ھەرىكەت، ماددىسىغا قارىتا پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى نۇقتىلىق نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

**4. ئىستېمال ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** يىغىپ

ساقلاش بۇيۇمى ئاخىرقى ھېسابتا ئىستېمال قىلىنىدۇ، شۇڭا يىغىپ ساقلىغان بۇيۇمنىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئىستېمال ئېھتىياجى، ئىمكانىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، چوڭ - كىچىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بولۇش لازىم.

**5. سان ۋە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.** بەزى يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرىنىڭ راستتىنلا بازىرى، ئىشلىتىلىش ئورنى كۆپ، ئېھتىياجى كەڭ بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. بۇ ئىككىسىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن قارىغاندا، توپلاش بۇيۇملىرىنىڭ مىقدارىنى ئىستېمال بىلەن بازار ئەھۋالىغا قاراپ بېكىتىش كېرەك. بۇنىڭدا چوقۇم بۇيۇملارنىڭ مىقدارى، سۈپەت دەرىجىسىگە ئورتاق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سان قوغلىشىپ سۈپەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ.

**6. سوغۇققان، سەۋرچان بولۇش لازىم.** زىيادە قىزىقىپ كېتىش تولا چاغلاردا ۋاقىتلىق تاپاۋەتنىڭ كۆپ بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەتراپلىق تەھلىل قىلماسلىق، ئېھتىماللىقنى ئانالىز قىلماسلىق ۋە ئەستايىدىل قارىماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. يىغىپ ساقلاش بۇيۇملىرىنى دەرھال ئالمىدى دەپ مەيۇسلىنىپ كېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. ئىمكانقەدەر سوغۇققان، سەۋرچان، جانلىق، ئەتراپلىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

## يىغىپ ساقلاشتىن غايەت زور بايلىق ياراتقىلى بولىدۇ

ئادەتتە بىز بىرەر نەرسىنى يىغىپ ساقلىساق، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ قىممىتى ئېشىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بارا - بارا ھېرىسمەن بولۇپ قالىمىز. ھەتتا ماھىر

كەسىپ ئەھلى، ئېپىنى بىلىدىغان بىلىم ئەھلى، بىر تەرەپ قىلىش، سېتىش، توپلاشنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالىمىز. ئاخىردا تېخى شۇنى بىر ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىپ، بازار ئېچىپ، ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش ئەربابى بولۇپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن.

بەزىلەر يىغىپ ساقلايدىغان بۇيۇملار ئۆزىدە شۇنچىلىك كۆپ تۇرسىمۇ قەدىرلىمەيدۇ، كېيىنكى يىللاردا ئۇنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ ـ دە، پۇشايمان قىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلار ئاللىقاچان كېچىككەن بولىدۇ. لېكىن، ئويلانسا ئەقىللىق كىشىلەرگە يەنە پۇرسەت بار. ئۇ پۇرسەت ئۆزى ھېس قىلغان تۇرنى شۇ كۈندىن باشلاپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئېلىپ بېرىش. بۇ يەنە بىر قېتىملىق تولۇقلاش، ئەسلىنى تېپىش بولۇپ، شۇ ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغۇچە يەنە نۇرغۇن بۇيۇملارنى يىغالايدۇ. بۇ يەردىكى تونۇش ماھىيەتتە پۇشايماننى كۈچكە ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بىر كەسىپدىشىمىز 45 يىلدىن ئارتۇق ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، ئۆمرىدە بىرەر پارچىمۇ گېزىت يىغىپ باقمىغان، ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن بېرى ئۇنىڭغا ھەقسىز بېرىلىدىغان كۈندىلىك گېزىت نەق پۇلغا بېرىلىدىغان بولغان. ئىلگىرى گېزىتنى بىكارغا ئېلىپ كۆنۈپ قالغاچقا، پۇلغا بەرگەندىن كېيىن قورسىقى كۆپكەن. ئىلگىرى ئالدىنقى يىللاردىكى گېزىتنى كۆرمەكچى بولسا، ئىدارىنىڭ ئارخىپخانىسىدىن بىمالال كۆرەلىگەن. گېزىت لازىم بولسا، ئارخىپتىن ئالىمەن، ئارخىپتىن كۆرىمەن دەپ ئېرەنشىپ كەتمىگەن. كېيىن گېزىت ئارخىپلىرىنى ساقلاش تۈزۈمى بىكار قىلىنغاندىن كېيىن ئارخىپ قىلىنغان گېزىتلەر بىر تەرەپ قىلىندى، ئۇلارنى ئارخىپ ئۆيىدىن پۇل تۆلەپمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. 60 نەچچە يىللىق گېزىت ئارخىپلىرى تارىخىي مۇزېيلارغا ماكانلاشتى. بۇ ھال

كەسپدىشىمىزنى بەكمۇ پۇشايمان قىلدۇرغان. ئۇ مۇنداق دېگەن:

— مۇبادا مەن گېزىتخانىغا كىرگەن كۈندىن باشلاپلا، ھەر كۈنى بەرگەن بىر نۇسخا گېزىتنى توپتوغرا 45 يىل توپلىغان بولسام، ئۇ چاغدا مەن ناھايىتى زور مەنىۋى ھەم ماددىي بايلىققا ئىگە بولار ئىكەنمەن، مەسىلەن، گېزىت بىر ئايدا 22 سان چىقىدۇ. شۇنداق بولغاندا مەن بىر يىلدا 12 (ئاي) × 22 (سان) = 264 (سان)، 45 يىلدا 264 (سان) × 45 (يىل) = 11880 (سان)، 12 (توپلام) × 45 = 540 (توپلام) گېزىت يىغار ئىكەنمەن. ئۇ چاغدا، مېنىڭ ئۆيۈم مەبلەغ سالمايلا چوڭ قىرائەتخانىغا ئايلىنىدىكەن، شۇنداقلا جەمئىيەت ئەھۋالىنى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۈيۈك قامۇسنى بەرپا قىلغان بولاركەنمەن. ئىسىت دەيمەن، ھازىر ئىلمىي ماقالە، كىتاب يازاي دېسەم گېزىت ئارخىپى بولمىغانلىقتىن، ئېنىق سان، ماتېرىيالنى ئەسكە ئالالماي توختاپ قالدىم.

دېمەك، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى قانچىكى ئارقىغا سۈرۈلسە، بۇ شۈنچىكى زىيانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە، قانچىكى بالدۇر بولسا، شۇنچىكى ئەھمىيەتلىك، پايدىلىق بولىدۇ.

بەزىلەر راستىنلا گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب ماتېرىياللارنى توختاۋسىز توپلاپ يىغىپ ساقلايدۇ. ئاخىردا ئۇلار ناھايىتى زور ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ ئۆزىگە توپلىنىپ قالغانلىقىنى، نۇرغۇن چىقىملارنىڭ تېجەپ قېلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ تولىمۇ خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. بەزىلەر ھېچ بولمىسا، ھەرخىل بىلىملەرنى تۈرلۈك نەشىر بۇيۇملىرىدىن قىيىپ چاپلاپ توپلايدۇ، بەزىلەر خەلق ئاغزىدىن ئەھمىيەتلىك بولغان مەزمۇنلارنى خاتىرىلەپ توپلاپ ماڭىدۇ. بۇنىڭدىن قانچە يىل ئىلگىرى مارالبېشى ناھىيەسىدىكى بىر پېشقەدەمنىڭ 30 يىلدا ساغلاملىققا ئائىت ماتېرىياللاردىن 30 توپلام، سىياسىي،

ئىجتىمائىيغا ئائىت ماتېرىياللاردىن 20 توپلام، ئەقلىيە، ماقال - تەمسىللەردىن 10 توپلام ماتېرىيالنى قىيىپ چاپلاپ تەييارلىغانلىقىنى، بۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ قولىدىكى ئاشۇ ماتېرىيال توپلاملىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار ئىكەن.

يىغىپ توپلىغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى كەسىپ ئەھلى بولۇپ قالىدۇ. يىغىپ توپلاش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ توپلىغان بۇيۇملىرى كۆپىيىپ بارغانسېرى ئۇنى كەسىپلەشتۈرىدۇ، بازار ئاچىدۇ، بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا قۇرۇلۇش ئىدارىسىدە دەرۋازىۋەن، ئامبارچى بولغان بىر تونۇشىمىز بولۇپ، ئۇ ئىزچىل ھالدا كونا ئىشىك - دېرىزە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى توپلاپ ساقلىغان، كېيىنچە كۆپەيگەن ئاشۇ نەرسىلەرنى ھاجەتمەنلەرگە، قۇرۇلۇش قىلغانلارغا ساتقان ياكى ئىجارە بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يولى ئېچىلغان، پۇلى كۆپەيگەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ ئاشۇ خىل بۇيۇملارنى يىغىش، توپلاش، سېتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىگىلىك تىكلەشكە باشلىغان. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇرۇنقى خىزمىتىمدىن شۇنداق بىزار بولغانىدىم. بەك ئىچىم سىقىلاتتى، مۇشۇ يوقىلاڭ ئىش بىلەن ئۆمرۈم بىكار ئۆتۈپ كېتەرمۇ دەپ ئۇھسىناتتىم. كېيىن، بۇ ئىشىم ماڭا ئىلھام بەردى. ئىشنى تاشلاپ شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

ئۇ ساۋاتسىز، قارا قورساق ئادەم ئىدى. بىراق، يىغىپ توپلاپ يۈرۈپ، شۇ ساھەنى خېلى ئوبدان بىلىدىغان، چۈشىنىدىغان قابىلىيەت ئىگىسى بولۇپ قالغان. ئۇ كەسىپ ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇتقان، جىسمىدىكى ھاياتى كۈچىنى، مەنىۋىيىتىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ئۇ بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى قۇرۇلۇش چېقىش، كۆچۈرۈش شىركىتى قۇرغان. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى جايلاردا كونا قۇرۇلۇشلارنى چېقىش

بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ خىل قۇرۇلۇشلارغا ھۆكۈمەت چىقىش راسخوتى بەرگەندىن باشقا، قۇرۇلۇشنىڭ كونا خىش، تۆمۈر دېرىزە ۋە باشقا ئەسلىھەلىرىنى كونا ـ يېڭى خېرىدارلارغا سېتىپ، ساپ پايدا ئالىدىكەن. ئۇ ھازىر ئاشۇ خىل قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىسىنى بىر ئادەمگە، تۆمۈرىنى بىر ئادەمگە، باشقا سايمانلىرىنى يەنە بىر ئادەمگە ساتىدىكەن. ئاندىن قۇرۇلۇشنى چېقىش، يۆتكەشنى يەنە بىر ئادەمگە ھۆددىگە بېرىپ، ئۆزى ئارىدىن پايدا ئالىدىكەن، مەبلەغ سالمايدىكەن، ئادەتتە ئۇنىڭ قولىدا يىلبويى 280 ئادەم ئىشلەپ، جاھاندارچىلىق قىلىدىكەن.

ئەسلىدە ئادەم ـ قىلالماسلىقتىن ئەمەس، قىلماسلىقتىن قورقۇشى كېرەك. قىلماسلىق ئادەمنى گۇمران قىلىدۇ، چېكىنىدۈرىدۇ، بىر ئىزىدا توختىتىپ قويىدۇ. يىغىپ ـ توپلاپ ساقلاشمۇ قىلماسلىقتىن قالىدۇ. قول سېلىپ قىلىپ، ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرسا، ئۇنىڭ بىزگە ئېلىپ كېلىدىغان غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى بايقايمىز.

دۇنيادىكى بەزى داڭلىق بايلارنى تىلغا ئالغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپتە كونا ماشىنا ـ ئاپتوموبىل تىجارىتى ياكى شۇنى چۇۋۇش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى يىغىش، ساقلاش، توپلاش بىلەن ئالەمنى تاڭ قالدۇرغانلىقىنى، ئەسكى ـ تۇسكىلەرنى يىغىش بىلەن ئۆزىگە مەبلەغ توپلاپ، كاتتا مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقىنى كۆپ قېتىم ئوقۇدۇق، ئاڭلىدۇق.

يىغىپ ساقلاش ـ تېجەش تىپىدىكى ئىگىلىك بولۇپ، ئۇ ئاخىردا ئادەمگە ناھايىتى زور بايلىقنى تېجەپ بېرىدۇ، ياكى بىۋاستە بايلىق يارىتىشقا ئاساس سالىدۇ. ئۇ چوڭ كارخانا، چوڭ زاۋۇتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. داڭلىق كارخانىچى، مىليونېرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بەخت ۋە بايلىق يارىتىشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىپ قويۇشىمىز كېرەك. ئۇ ئارقىلىق شەرەپ، بايلىق تاجى كىيىپ قالساق ئەجەب ئەمەس.

# يىغىپ ساقلاش ئىلھام ئاتا قىلىدۇ

يىغىپ ساقلاش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يۇقىرىدا بىر قىسىم بايانلارنى ئىزھار قىلدۇق. بۇنى بەك يېتەرلىك دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نۇرغۇن چېتىشلىق دائىرىسى، پايدىسى ۋە تەسىر كۆرسىتىدىغان قاتلاملىرى بار. بۇ بىر قاتار تەرەپلەردىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى ئىنچىكە بايان قىلىش، تەتقىق قىلىش بۇ يەردىكى ئاساسىي تېما ئەمەس. بۇ يەردە پەقەت ئوقۇرمەنلەرگە، قىزىققۇچىلارغا يۈزەكى بولغان بىر قىسىم مەزمۇن، قاتلاملارنى چۈشەندۈرۈپ، دەسلەپكى بىلىمگە ئىگە قىلىشنى نەزەردە تۇتتۇق، بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي ھېسسىي بىلىملەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن تۆۋەندە بىر نەچچە ئىشنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچى.

بۇ ئىشنىڭ بەزىلىرى بىر خىل ئىجتىمائىيلىقتا، خاھىشچانلىقتا ئىگە بولۇپ، ئەلمىساقتىن داۋاملىشىپ كەلگەن يىغىش، ساقلاش بۇيۇملىرىدىن باشقا، دەۋر ۋە جەمئىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كېلىدىغان، پەيدا بولىدىغان، راۋاجلىنىدىغان ۋە يوقىلىدىغان تۇرلەرمۇ ئاز ئەمەس. قاشتاشچىلىقنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ھازىر روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ھەم ھۈنەر - سەنئەت، مەدەنىيەت پۇرىقىغا ئىگە بولدى.

سەنئەت ئۆمەكتە ئارتىس، داڭلىق سازەندە بىر تونۇشۇم بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ مېنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ ئۆيىدە بىرنەچچە خىل تاشنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى سۈرەتكە تارتىپ بېرىشىمنى ئېيتتى، ئۇ ھەرخىل شەكىلدىكى يەتتە پارچە چوڭ - كىچىك تاشنى ئىچكەركى ئۆيىنىڭ بىر كىيىم ئىشكاپى ئاستىدىن تارتىپ چىقاردى. ھېلىقى تاشلار سۈزۈك ھەم پارقىراق بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل خۇشپۇراق تارىلىپ تۇراتتى. ئۇ بۇ تاشلارنى 21 مىڭ يۈەنگە ئالغان بولۇپ، ئادەمنىڭ راستتىنلا ئىشەنگۈسى

كەلمەيتتى. كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرى يوق دېگەندەك، مەندە بۇ تاشلار راستتىنلا شۇنچىلىك پۇلغا يارامدىغاندۇ ياكى بۇ ئادەم كۆز - كۆز قىلىۋاتقانمىدۇ دېگەن تۇيغۇ پەيدا بولدى. مەن تاشلارنى سۇرەتكە تارتىپ بەردىم. ئۇ ئاشۇ سۇرەتلەرنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ، خېرىدار تاپىدىكەن.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندە، ھېلىقى تونۇشۇم كوچىدا ئۇچراپ قالدى. مەن ھېلىقى تاشلارنىڭ تەقدىرىنى سورىدىم. ئۇ يەتتە تاشنى 53 مىڭ يۈەنگە ساتقانلىقىنى، مانا ئەمدى ئاشۇ تاشلارنى ئەرزان سېتىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى ئىچى ئېچىشقان ھالدا سۆزلەپ بەردى.

مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ئادەم قاچانلاردىدۇر ئىچكى ئۆلكىنىڭ بىر شەھىرىگە بېرىپ ئۆيۈن قويغاندا، شۇ يەردىكى تاماشىبىنلار ئۇنىڭغا ئالايىتەن سوۋغا سۈپىتىدە بىرنەچچە تال چىرايلىق تاشنى بەرگەن، ئۇلار قاشتېشى بولمىسىمۇ قاشتېشىدەك نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، ئادەمنى جەلىپ قىلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قاشتېشىغا، رەڭدار تاشلارغا ھېرىسمەن بولۇپ قالغان ھەم نەگىلا بارسا يىغقان، توپلىغان. ئۇ بۇ ئىشنى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان. ئاندىن ئۇنىڭ تۈرى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى ئايرىپ پەرق قىلالايدىغان بولغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيى بىر تاش مۇزېيىغا ئايلانغان. ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، تولىمۇ زېرىككەن ھەمدە تاش بۇيۇملارنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كەلگەن، ھازىر جۇڭگودا نۇرغۇن پۇلدارلار پۇلغا، مالغا، بايلىققا تويۇنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۇلغا قارىغاندا ئاشۇ خىل تاشلارغا قىزىقىدىغان بولغان. ئەربابلارنىڭ بۇ خىل خاھىشچانلىقى ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدىمۇ بىرقەدەر ئومۇملاشقان، شۇنىڭ بىلەن تاش سودىسى شۇنچىلىك جانلىنىپ كەتكەنكى، زاۋۇت، كارخانىلار قۇرۇلغان، سودا دۇكانلىرى تەرەپ - تەرەپتە تىجارەت باشلىغان. كىشىلەر بىلەك، بويۇنلىرىنى ئاشۇ خىل

تاشلار بىلەن بېزەيدىغان بولغان. مۇتەخەسسىسلەر بۇ تاشلاردا ئادەم بەدىنىگە لازىملىق بىرنەچچە خىل ئالاھىدە ئېلېمېنت بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان بىر خىل كۆرۈنمەس پۇراق ئادەم بەدىنىنى قۇۋۋەتلەپ، نېرۋىلارنى جانلاندۇرۇپ، ئۆمۈرنىڭ ئۇزىرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا يېڭىچە چۈشەنچە، قىزىقىشنى پەيدا قىلغان.

ھېلىقى تونۇشۇممۇ مۇشۇ ساھەدە ناھايىتى كۆپ بىلىمگە ئىگە بولغان بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاجايىپ سىرلىق ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ كىشى دەل ئاشۇ خىل مۇھىتقا دۇچ كەلگەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تاش يىغىش، ساقلاش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىغا تايىنىپ پۇل تېپىشقا باشلىغان. ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ناھايىتى نۇرغۇن تاش بۇيۇم بار. ئۇنىڭغا تاش يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋە تاش سېتىپ بېرىدىغان ۋاستىچىلەردىنمۇ 20 ~ 30 ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئىككى يىلدىلا بىر مىليون يۈەنلىك تاش سودىسى قىلغان، مۇقىم مۈلكىمۇ 300 ~ 400 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

ئىلگىرى، قۇرۇلۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان، ھازىر قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان يەنە بىر تونۇشۇم بار. ئۇ قۇرۇلۇش ئۇستىسى بولۇپ، ئۇزاق مەزگىل دەۋر سۈرگەن. ئۆزى بىلىمگە ھېرىسمەن، بىلىملىكلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا ئۇچرىغانلىكى كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنى يىغىپ، توپلاپ ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ بۇ ئىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ توپلىغان بۇ خىل ماتېرىياللىرى 5000 ~ 6000 پارچىغا يەتكەن بولۇپ، بىر ئۆي لىق تولغان. ئۇ بۇنىڭغا ئاساسەن، مەخسۇس بىر ئۆي ياساپ، كۇتۇپخانا قىلغان. ئاندىن كىتاب - ماتېرىياللارنى رەتلەپ، جازىلارغا تىزىپ نومۇر تۇرغۇزۇپ، مەھەللىدىكى

كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا ئېچىپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ قىرائەتخانىسى قىزغىن ئالقىشلانغان. ھازىر ئۇنىڭ توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ تەننەرخى 60 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئەمما، ئۇنىڭ بىلىم قىممىتى ۋە پايدىلىنىش قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچەش قىيىن. دېمەك، ئۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، شەرەپلىك، ئۇلۇغ ئىشقا ئاساس سېلىپ، بىباھا مەدەنىيەتنى، ئۇلۇغۋار روھنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇلاردىن باشقا ئۆزگىچە، خاسلىققا ئىگە بولغان بۇيۇملارنى ساقلىغۇچىلار، توپلىغۇچىلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئەۋرىشكىسى، تاغ جىنسلىرى، قەدىمىي پۇل، ھازىرقى زامان ئىستېمال بۇيۇملىرىدىن ئالاھىدىرەكلىرى، خاسلىقى بارلىرى، خاتىرە قىممىتى بارلىرى (مەسىلەن، ماركا)، مۇكاپات بۇيۇملىرى... ۋەھاكازالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان، قىزىقتۇرىدىغان خاسلىق جۇلالىنىدۇ. ئۇلار ئاشۇ خىل نەرسىلەرنى پۇل تېپىش، مۇكاپات ئېلىش، ھۇزۇرلىنىش، بايلىق توپلاش، شۆھرەت قازىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، تەتقىق قىلىشتەك بىرقاتار ئىستەكلەر بىلەن ئېلىپ بارىدۇ. ئومۇمەن، بۇ خىل نەرسىلەر «تامار - تامار كۆل تولار» دېگەندەك، ئاز - ئازدىن توپلىنىدۇ، ئاخىردا ئۇ غايەت زور قىممەت يارىتىدىغان مەنبەگە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ مەنبە سىزگە ۋە باشقىلارغا تېپىلغۇسىز زور مەنىۋى ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

# بايلىق غەزىنىسى ـ ئائىلە

## ئائىلىدىكى تېجەش ۋە تېجەشلىك ئائىلە

ئائىلە كىشىلىك ھاياتىنىڭ مەنبەسى. ھاياتىمىزدا ئائىلىدە ياشايدىغان ۋاقتىمىز تەخمىنەن بىر كۈندىكى پۈتۈن ۋاقتىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ.

بىز ئائىلىگە يىغىمىز، شۇنداقلا ئائىلە ئۈچۈن چىقىم قىلىمىز. ئىناق، ساغلام، مەدەنىي ئائىلە مۇھىتى ياراتقان ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدىكى تاپقان ـ تەرگەنلىرى، مېھىر ـ مۇھەببىتى ئائىلىگە مەنسۇپ. شۇڭا، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئائىلە بىر چوڭ بايلىق مەنبەسى، بايلىق ماكانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، بايلىق بار يەردە خىرىس مەۋجۇت. مانا مۇشۇ خىرىس كەمچىلىك بىلەن ئارتۇقچىلىقنى تەڭ ئېلىپ كېلىدۇ. ئائىلىدىكى ئىسراپچىلىقنى ئاشۇ كەمچىلىكلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا بىز بايلىقىمىزغا قانائەت ھاسىل قىلىمىز، مەردلىكىمىز، سېخىيلىكىمىز تۇتۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال تولا چاغلاردا بىزنىڭ ئىسراپ قىلىشىمىزنى، بىھۇدە بۇزۇپ ـ چېچىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى كۆزىمىزگە كۆرۈنمەيدۇ، دىققىتىمىزنى تارتمايدۇ، تارتسىمۇ ھە بوپتۇ دەپ ئېتىبارسىز قاراپ ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. بىراق، مۇشۇ خىل ئىدىيەمىز، كۆز قارىشىمىز بىزگە ناھايىتى نۇرغۇن زىيانلارنى سالىدۇ، ئائىلىنىڭ، تۇرمۇشىمىزنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا كاشىلا پەيدا قىلىدۇ.

ئائىلىگە سىنچىلاپ قارىساق، ئىسراپچىلىقنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، ئائىلىدىكى نۇرغۇن ئىش بىر ئازدىن قىلىنىش، ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولۇش بىلەن ئادەت ياكى رېفلېكس بولۇپ قالىدۇ. سىرتقا قارىتا ئېھتىياتچان بولىمىز، ئائىلە ئىچىدە بولسا كەڭ قويۇۋېتىمىز. بۇنداق قويۇۋېتىش ــ ئائىلىدىكى ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بەزى ئائىلىلەردە ئىسراپچىلىق ناھايىتى ئاز، تېجەش ئائىلە ھەرىكەت ئۆلچىمى بولۇپ قالغان. بۇنداق تېجەشلىك ئائىلىلەر پاكىز، رەتلىك، ئېدىتلىق بولۇپ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ. ئائىلە مۇھىتىدا ئۆي سەرەمجانلىرى ئاددىي بولسىمۇ، كىشىگە يېقىشلىق تۇيغۇ بېرىدۇ.

ئائىلىدىكى تېجەشمۇ نۇرغۇن ئىشقا، نۇرغۇن تەرەپكە چېتىلىدۇ. نېمىنى تېجەش، نېمىنى ئىسراپ قىلماسلىق، نېمىنى تىزگىنلەش بىر ئائىلىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق بىرقانچە شەرت ھازىرلانغان بولۇشى كېرەك.

**1. ئورتاقلىق، ئىناقلىق بولۇشى كېرەك.** ئورتاقلىق نىيەتنىڭ بىرلىكى، ئەلالىقىدىن بارلىققا كېلىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىدا ئائىلىدىكى ھادىسە، ھەرىكەتلەرگە قارىتا بىرلىك ئېڭى بولسا، نۇرغۇن قىيىن ئىشلار يورۇشۇپ ئاسانلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئائىلىدە نېمىنى قىلىشنى بىلىش، ئادەتلىنىش بىلەن بىرگە، يەنە نېمىلەرنى قىلىش، تىزگىنلەش، يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئىدىيە، ھەرىكەت جەھەتتىن ماسلاشقان، ھەمكارلاشقان بىردەكلىك ھاسىل قىلغان بولىدۇ.

**2. تونۇش ئىلمىي، ئەتراپلىق بولۇش كېرەك.** بىر ئائىلىدىكى ئىدىيە، ھەرىكەت ھالىتىدە مۇپەسسەل بىرلىك بولۇپ كەتمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرىنىڭ پىكرى بىرىگە ماس كەلمەسلىك دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بۇ ئائىلىدە بەزى ئىشلارنىڭ يۇرۇشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئائىلىدىكى تېجەش

ئىشىدىمۇ چوقۇم سۆركىلىش بولماي قالمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئائىلە ئەزالىرى تېجەش تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ئاۋۋال چوقۇم تېجەشنىڭ ئەھمىيىتى، پايدىسى ھەققىدە ئەتراپلىق تونۇش بىرلىكى ھاسىل قىلىش كېرەك. بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تېجەش كەيپىياتىنى بەرپا قىلىپ، ماس قەدەمدە تېجەشنى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندۇرۇشقا ئاساس سالىدۇ.

**3. ئائىلە ئەزالىرى تېجەشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.** بۇنداق ئادەت بار ئائىلە ساغلام، مۇقىم تەرەققىي قىلالايدۇ. بولۇپمۇ، ئائىلە ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇپ، مۇقىم بولغان ئەمەلىي كۈچنى بارلىققا كەلتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**4. تەقدىم قىلىش روھى بولۇش كېرەك.** ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مەنىۋىيىتىدە، ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىدە تېجەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قىزغىنلىقى بولۇشى، تېجەش مەھسۇلات نەتىجىسى، بايلىقىدىن ئائىلە ئەزالىرى ئورتاق بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. بۇمۇ ئائىلىنىڭ ئورتاق مۈلكى ۋە خاسلىقىنى تولۇق قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**5. ئائىلە ئەزالىرىدا تېجەش قىزغىنلىقى بولۇش كېرەك.** بۇ دېگەنلىك ھەربىر ئائىلە ئەزاسى ئۆزى قىلغان ئىشنى سۆيۈشى، شۇ ئىشتا تېجەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ھەتتا ئۆزئارا بەسلىشىش، بەزى تۈرلەرنى ھۆددە ئېلىش شەكلىدە بۆلۈۋېلىپ مەسئۇل بولۇپ، تېجەش تەدبىرىنى يولغا قويسىمۇ بولىدۇ. تېجەشلىك ئائىلە مەدەنىي بولسا، ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر مەدەنىيلىكتىن ئېغىز ئېچىش قىيىن بولسا، ئۇ ھالدا تەسىرى ئەكسىچە بولىدۇ. يەنى پىخسىق، بىچارە، مەينەت كۆرۈنىدۇ ھەم شۇ خىل سالەتنى ئۆزىگە ھامىي قىلىۋالغان بولىدۇ. يۇكسەك قىممەت، نازاكەت ۋە سۆلكەتتىدىن سۆز ئېچىش قىيىن.

تېجەشلىك ئائىلە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنداق ئائىلە ئەزالىرى تېتىك، چېچەن، ھەرىكەتلىرى چاققان، مەدەنىي،

ئەدەپ ـ قائىدىلىك بولىدۇ. قىلغان ئىشلىرى ئەلگە يارايدۇ، جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزىدۇ. تاپا ـ تەنە، مىننەت قىلمايدۇ، باشقىلارغا سەممىي كۆيۈنىدۇ، ھېسداشلىق قىلىدۇ.

## ئائىلىدىكى تېجەش نۇقتىلىرىغا سەل قاراش

قارىماققا، ئائىلىدە تېجەشكە تېگىشلىك تۈزۈك بىرەر ئىش يوقتەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ئائىلىدىكى ھەممە ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، يېگىلىقى يوق، مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىز ئۇ نەرسىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتىن يىراقلىشىپ قالىسىز، نەزىرىڭىزدىن ساقىت بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ئىشلارغا سىنچىلاپ قارىسىڭىز، تېجەش زۆرۈرىيىتى بولغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىسىز. بۇنداق ھېسسىياتقا كەلمىسىڭىز، سىزدە مۇنداق بىرقانچە تۈرلۈك ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

**1. نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويۇش.** سىز تېجەشكە ئەھمىيەت بەرمىسىڭىز، ئېنىقلا نۇرغۇن نەرسە، ئىش نەزىرىڭىزدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ سىز بىلەن دائىم بىللە تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشنى ئويلاپمۇ قويمايسىز.

**2. ئادەتلىنىپ قېلىش.** نەزىرىڭىزگە كىرمىگەن ئاشۇ ئىش سىز كۆڭۈل بۆلمىسىڭىزمۇ بولىدىغان ئىش بولۇپ قېلىش جەريانىدا، سىز ئۇنى شۇنداق بولىدۇ دەپ قاراپ، ئاشۇ خىل «شۇنداق بولۇش»نى ئادەت قىلىۋالىسىز ـ دە، تېجەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ قالىسىز.

**3. كۆزگە ئىلماسلىق خاھىشى.** تاپاۋىتىڭىز ياخشى بولسا ياكى بەزى كىچىك ئىشلارنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمىسىڭىز، ئۇ چاغدا نەرسىلەرنى تېجەش زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىڭىزمۇ ئاۋارىچىلىك ھېس قىلىسىز، بەك كىچىك

ئىشلاردەك، شۇنداق بولۇشى تامامەن ئورۇنلۇق ئىشتەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىڭىزچە ئالاھىدە بىلىپ كەتمەيسىز.

**4. سۆرەلمىلىك قىلىش.** بەزىدە ئائىلىدىكى تېجەش زۆرۈرىيىتى بار ئىشقا سەل قاراپ، بۈگۈن شۇنداق قىلىمەن، ئەتە شۇنداق قىلىمەن دەپ قىلمايسىز. بىر كۈن سۆرەلمىلىك قىلسىڭىز، يەنە بىر كۈن ئۇنتۇلۇپ قالىسىز. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى سىزنىڭ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل قاراپ، مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ، ئەمەلىي قول سېلىپ قىلماسلىقىڭىزدا. بۇ سەۋەبنىڭ تۈپ نېگىزى ئىدىيەڭىزدىكى ھورۇنلۇق، خوشياقماسلىق، سۆرەلمىلىكتە.

**5. ئاز - تولا مەبلەغ سېلىشنى ئېغىر كۆرۈش.** بەزى ئىشلارغا تېجەش جەريانىدا ياكى تېجەشنى باشلاشتىن ئاۋۋال ئاز - تولا مەبلەغ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا دەمال پۇل چىقىم قىلىشقا ياكى ۋاقىت چىقىرىش، تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تېجەشلىك بولۇش بىر قەدەر تەسكە توختاپ قالىدۇ. سىز چوقۇم ئۇنىڭدىن ئاشقان، توپلانغان مەبلەغقە ئاساسەن مەبلەغ سېلىشنى ئويلايسىز. شۇنىڭ بىلەن دەمال يېنىڭىزدىن پۇل چىقىرىشنى خالىمايسىز. ئالدى بىلەن كېيىن بولىدىغان زور مەنپەئەتنى ئەمەس، ئالدىن بولىدىغان ئاز - تولا زىياننى ئويلايسىز - دە، مەبلەغ سالمايسىز، تېجەشلىك بولۇشنى يولغا قويالمايسىز، ئاقىۋەتتە تېجەش تۈگۈل نۇرغۇن زىيانغا سەۋەبچى بولىسىز. مەسىلەن، توك، سۇ، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈسكۈنىلىرى دېگەندەكلەر ئالدىن مەبلەغ سېلىنىدىغان، كېيىن پايدىسى كۆرۈلىدىغان تۈرلەر. مۇبادا ئۇلارغا مەبلەغ سالماي، ئۆتكۈزۈۋەتكەندە كېيىن بىراقلا بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئوت، سۇ ئاپىتى يۈز بەرسە، ئۇ چاغدا تېخىمۇ چوڭ ھادىسە، زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ.

**6. ئىدىيە، ھەرىكەت بىرلىكى بولماسلىق.** بەزى تېجەشلىك بولۇشنى بىرلا ئادەمنىڭ ئويلىغىنىدەك قىلغىلى بولمايدۇ.

شۇڭا، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەمكارلىقى بولۇش ناھايىتى زۆرۈر. لېكىن، بەزى ئائىلە ئەزالىرى بۇنداق ئىشلارغا ئىلمىي قاراشتا بولمىغاچقا، ماسلاشمايدۇ، ھەمكارلاشمايدۇ. ماسلاشمىسىمۇ ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشنى خالىمايدۇ، تاشلاپ قويۇپ ئېتىبار بەرمەيدۇ.

7. ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە سەل قاراش. تېجەشلىك بولۇش ھەممە ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى، شۇنداقلا ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت بولسىمۇ، تېجەشلىك بولۇشنى ماھىيىتىدىن چوڭقۇر چۈشەنمەسلىك كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكى بولۇپ قالغان. بۇنى ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش، ھەل قىلىش، كۆپ سانلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيەسىدە، ھەرىكىتىدە مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ نۇرغۇن تېجەش تۈرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردىكى قىزغىنلىق ۋە ھەرىكەت بىخ ھالىتىدىلا يوققا چىقىدۇ.

## ئائىلىدىكى تېجەش ئۇسۇللىرى

ئائىلىدىكى تېجەش ئىستېمال بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش، تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدىكى ھەرىكەت ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. ئۇنى يۈرگۈزۈشتىكى ئۇسۇل، چارىلەر ئاشۇ خىل ئىستېمال ۋە ئېھتىياج ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە ماس ھالدا يولغا قويۇلۇپ، يۈرگۈزۈلۈپ، ئۈنۈم، نەتىجە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. مۇبادا، بىرىگىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ماسلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشمىسا، يەنى ئۈنۈم، نەتىجە تەكىتلىنىپ ۋە چىڭ تۇتۇلۇپ، باشقا تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىلمىسە، ئۇنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا، ماس قەدەملىك ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈم بېرىشىگە تەسىر يېتىدۇ ياكى ئاخىرى چىقماي قالىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىنى، تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇنداق بىرقانچە تەرەپكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا

توغرا كېلىدۇ.

1. پىلانلاش. مەيلى بىز ئائىلىدىكى بىر ئىشنى ياكى ئائىلىنىڭ ئومۇمىي ئىشىنى ماس قەدەملىك تېجەش پائالىيىتىگە ماسلاشتۇرايلى، چوقۇم ئومۇمىي پىلان، تارماق پىلان بولۇشى كېرەك. تارماق پىلان بىرەر ئىش ياكى شۇ بىرەر ئىشقا ماس كېلىدىغان، مۇھىم، تۇراقلىق باغلىنىشقا ئىگە بولغان ئىشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لايىھەنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي پىلان بولسا، بىرقانچە تارماق پىلان، لايىھەنىڭ توپلىنىشى، مەركەزلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئۇ ھەممە تارماق پىلاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى شۇ ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى ۋە ئىستېمالى، ئېھتىياجى قاتارلىق ئامىللارنى ماسلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ تېجەش تېپىدىكى ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە ۋاستە بولۇش، كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

2. تۈرلەرنى تۇرغۇزۇش. ئائىلىدە تېجەيدىغان مەنبەلەر، تۈرلەر، نۇقتىلار ھەقىقەتەن كۆپ، ئەمما ھەممىسىدە تېجەشنى بولسىمۇ، قىسمەن ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا يولغا قويغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم پۇرسەت كۈتۈش، شەرت ـ شارائىت ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىزدىن تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا يولغا قويسا بولىدىغان تۈرلەرنى ئالدىن پىلانلاپ، ئاندىن تېجەش پائالىيىتىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق پىلانلاش شۇ تۈرنىڭ ئۇزاق مۇددەت يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۈنۈمىنى، نەتىجىسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. يولغا قويغان تۈرلەردىن ئۈنۈم بەرمىگەنلىرىنى داۋاملىق ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش كېرەك. تۈرلەرنى پىلانلاشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، جانلىق بولۇش، ماس قەدەملىك

بولۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيەنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

**3. ئىدىيە بىرلىكى ھاسىل قىلىش.** ئائىلىدە تېجەش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىردەك ھەرىكىتى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلاردا بىردەكلىك بولسىلا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى، پايدىسى بەك چوڭ بولىدۇ. بىرى بۇ ھەرىكەتكە ماسلاشسا، يەنە بىرى ئۇنى بۇزسا ياكى قوللىمىسا بىردەك بولۇش، ئورتاق بولۇش، تەڭ ھەرىكەتكە كېلىش ئىشقا ئاشمايدۇ. بىرى ھەرىكەتكە كەلسە، يەنە بىرى قوللىسا ياكى ئاز - تولا ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ قويسا، بۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ. مۇبادا ھەممە ئورتاق ھەرىكەتكە كېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، ئۇ چاغدا تېخىمۇ چوڭ نەتىجە ۋە ئۇتۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ يەردە تەكىتلەيدىغان ئاساسىي ئىش ئىدىيە بىرلىكى ھاسىل قىلىش بولۇپ، بىر ئائىلىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىدىيەسىدە بىرلىككە كېلىش، قوللاش، ھەرىكەتكە كېلىش كەيپىياتى ھازىرلانسا، پىلان ۋە نىشانلار ئۆز ۋاقتىدا ئوڭۇشلۇق ئادا بولىدۇ.

**4. يېتەكلەشكە سەل قارىماسلىق.** ئائىلىدىكى تېجەش پائالىيىتى يېتەكلەشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى ھەرخىل بولىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە يېتەكلەش دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت ئەمەس. تېجەشنىڭ كۆپ تەرەپلىمە پايدىسىنى كۆرگەن ئادەملەر ئائىلىسىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن، كىشىلەرنى، يەنى تېجەش پائالىيىتىگە سەل قارايدىغانلارنى يېتەكلەيدۇ، ئۆگىتىدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ ھەقىقەتەن زور ئۈنۈمى بولىدۇ. ئەگەر ئائىلىدە بىر ئادەم تېجەشلىك بولسا، يەنە بىر ياكى بىرقانچە ئادەمنىڭ بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىسا، بۇ ھال شۇ ئائىلىنىڭ تېجەش پائالىيىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنى ھەل

قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇ ئائىلە ئەزالىرىنى قايىل قىلىش، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە پائال يېتەكلەش كېرەك.

**5. ئورتاق ھەرىكەتكە كېلىش.** بۇ، ئائىلىدىكى تېجەشلىك بولۇشنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى ۋە ئۇنۇم، نەتىجىسىگە ئالاھىدە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. پىلان ۋە چارە - تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشقا قولايلىق يارىتىدۇ. تېجەشلىك بولۇشنىڭ ھەرخىل ئامىللىرىغا بولغان نازارەت قىلىش، ھەرىكەتلىنىش ۋە جانلاندۇرۇش ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلمىيلاشتۇرىدۇ. ئائىلىدىكى تېجەشلىك بولۇش ئادەتتە بىرلا ئادەمنىڭ ئىشى، مەسئۇلىيىتى بولماستىن بەلكى، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق ئائىلىدىكى تېجەشنىڭ كۆپ خىل مەنبەسىنى ئاچقىلى بولىدۇ. ئورتاق ھەرىكەتلىنىش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ماسلىشىش ئىنتايىن مۇھىم بىر تۈرلۈك خىزمەت.

**6. ئادەتلىنىش.** ئائىلىدە تېجەشكە ئادەتلىنىشنىڭ پايدىسى بەكمۇ كۆپ. ئائىلىدىكى تېجەشتە بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم تېجەشكە ئادەتلىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. قانچە ئادەم بولسا، قايسى خىل ئىش - ھەرىكەت ئۈستىدە تېجەشنى يولغا قويغان بولسا، ھەممە ئادەم بىردەك ئېتىراپ قىلىشى، قوبۇل قىلىشى، ماس ھالدا ئورتاق ھەمدە ئۆزلۈك مۇددەت داۋاملاشتۇرۇشقا، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

**7. خاتا قاراش، نۇقسانلارنى تۈزىتىش.** ئۆزى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئۆسەك سۆز تارقىتىدىغان، كونا، پاسسىپ قاراش بىلەن بەتنام چاپلايدىغان، «يامان بولىدۇ» ئىدىيەسى بىلەن باشقىلاردىن قۇسۇر تاپىدىغان ئىشلار بىزدە مەۋجۇت. تېجەش

جەرياندا بۇ خىل ئىدىيەۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماسلىق، كونىچە ئەنئەنىۋى قاراشلارغا، بولۇپمۇ ئۇنى قىلسا يامان بولىدۇ، بۇنى قىلسا يامان بولىدۇ، ئۇنى تېجىسە ئۇنداق بولىدۇ، بۇنى تېجىسە تاپقان ـ تەرگىنى ئاخىردا كۆلگە ئايلىنىدۇ دەيدىغان بىمەنە قاراشلارغا پىسەنت قىلماسلىق كېرەك. بۇنداق تۈيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىگە كىرىپ قالغاندا، تېجەش پائالىيىتىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا بەزى تۈرلەردىكى تېجەش ئىشلىرى توختاپ قالىدۇ. مۇشۇ ئىشنى قىلىش بىلەن بىرگە، تېجەش جەريانىدا پەيدا بولغان سەلبىي نەتىجىلەرگە ۋە سەلبىي تېجەش ئۇسۇل، شەكىللىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى تۈزىتىش، ھەل قىلىش كېرەك. بولۇپمۇ، تېجەيمەن دەپ زىيادە ئاشۇرۋېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

**8. تېجەشنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەش.** تېجەش ھەرىكىتىدە ھەربىر ئىشقا قوللانغان تەدبىر ياخشى، ئۈنۈملۈك بولسا، ئۇنىڭ زور نەتىجىسى، ئۇتۇقى بولىدۇ. تېجەشتىكى مۇۋەپپەقىيەت بىزگە ئىلھام ۋە رىغبەت ئاتا قىلىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان مەنىۋى كۈچ بەخش ئەتمەي قالمايدۇ. ئاشۇ نەتىجىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش، قوبۇل قىلىشتا يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، تېجەش پائالىيىتىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

**9. تېجەشتە بىردەكلىك بولۇش.** بۇ بىر پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئومۇمىي مۇھىتىغا، كەيپىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تېجەش پائالىيىتىدە بىردەك بولۇش، تېجەش پائالىيىتىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىدە بىردەك بولۇش، تېجەش ئىدىيەسىدە بىردەك بولۇش، تېجەش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلىتىشتە بىردەك بولۇش،

يولغا قويۇش تەدبىر - چارىلىرىدە بىردەك بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق بىر قاتار بىردەكلىك ئائىلە تېجەش پائالىيىتىنىڭ ئومۇمىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ماس قەدەملىك ھەرىكەت ئۆلچىمىنى، چوڭ ھەم ئەھمىيەتلىك بولغان تېجەش نەتىجىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

**10. تېجەشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىنى قوللىنىش.** تېجەشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرى ئۆزى ياراتقان تەجرىبە بولۇش بىلەن بىر چاغدا، باشقىلار ئىجاد قىلغان، قوللانغان ئۇسۇل - چارىلەر بولۇپ، ئۇ ئائىلىسىدە ئۆزى قوللانغان تەدبىردىنمۇ ئۈنۈملۈك بولغان چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چارە - تەدبىرلەر كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارلىققا كەلگەن ئۇتۇق، نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلغان يازما مەنبەلەردىن كەلگەن چارە - تەدبىرلەردۇر. ئۇنى قوبۇل قىلغاندا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ھەتتا تېجەش ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان تۈرلەردە، بىز ھېس قىلمىغان تۈرلەر، تەرەپلەرنى بايقاپ، پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

## ئۆي جابدۇقلىرى سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار

بىر ئائىلىنى ئائىلە قىلىش ئۈچۈن ئاز بولمىغان تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى، زۆرۈر بولغان جابدۇقلارنى سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئائىلىدە جىددىي ئېھتىياجلىق بۇيۇم، قىسمەن ئېھتىياجلىق بۇيۇم، ئانچە ئېھتىياجلىق بولمىغان بۇيۇم بولىدۇ. ئەمدىلا ئۆي تۇتقان ياشلار كۆپ ھاللاردا ھېسسىياتقا، مەنمەنچىلىككە، ۋە ھەشەمەتكە بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا لازىمى بار - يوق دېمەي ئائىلە جابدۇقلىرى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار بىراقلا ھەممىنى ھەل قىلىش، بىراقلا ھەممە ئىشنى قولدىن چىقىرىپ ئائىلە يۈكىنى ئازايتىش كويىدا بولىدۇ. ئائىلە جابدۇقلىرى سېتىۋالغاندا

مۇقىم، تۇراقلىق بولۇشنى شەرت قىلىش، ئاز بولسىمۇ، ساز بولۇش، كېيىن ساتسىمۇ پۇلغا ئالىدىغان بولۇش، قىممەت بولسىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەتكىلى بولۇشتەك بىرقانچە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇش كېرەك.

**1. سۇپەتلىك، قىممىتىنى ئۇزاق ساقلىيالايدىغان بولۇش.** بۇ دېگەنلىك بۇ يىل سېتىۋالغان بۇيۇم شۇ بىر يىلدا ياخشى بولۇپ قالماستىن، بىرقانچە ئون يىلغىچە قىممىتىنى ساقلايدىغان، بۇزۇلمايدىغان، ئۇزاق مۇددەت پايدىلىنالايدىغان، مەيلى مۇلۇك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى زىننەت بولۇش جەھەتتىن بولسۇن، خاسلىقى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بولۇشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ خىل بۇيۇم داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلار، ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان مەھسۇلاتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەتتا بەزىلىرى ئىشلەتكەنسېرى ئۈنۈمى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قىممىتى ئۆرلەشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئائىلىدىكى تېجەشكە ياخشى پۇرسەت، شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

**2. ئاز بولۇش، ساز بولۇش.** بۇ يەردىكى ئاز بولۇش ئائىلە بۇيۇملىرىنى ئاز ئال دېگەنلىك ئەمەس. بەزىلەر ئوخشاش تۈردىكى بۇيۇملارنى شەكلىگە قاراپ، پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە قارىماي تەكرار سېتىۋېلىپ، ئوشۇقچە چىقىم قىلىدۇ. ئاشۇ خىل بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى مۇھىمدەك، ھەممىسى لازىمدەك، ئاشۇلاردىن بىرسى بولمىسا، ئائىلىنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشمەيدىغاندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ. ماھىيەتتە بولسا ئاشۇ خىل بۇيۇملارنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئوخشاپ كېتىدۇ ياكى ئوخشاش بولىدۇ. شۇڭا، ئاشۇ خىل بۇيۇملاردىن ئەڭ مۇھىم دەپ قارالغان ھەم ئۈنى كۆپ خىل پايدىلانغىلى بولىدىغان ئارتۇقچىلىقى بارلىرىنى سېتىۋېلىش كېرەك. بەزىدە بۇ خىل بۇيۇم بىرنەچچە بۇيۇمدىن قىممەت بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، ئىخچام، ئاز، ساز بولغىنىنى ئېلىش كېرەك.

**3. ئىشلىتىپ بولۇپ ساتسىمۇ بولىدىغان بولۇش.** نۇرغۇن

ئائىلە سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ بىر مەزگىل ئىشلەتكەندىن كېيىن باھاسى ناھايىتى تۆۋەن مەھسۇلات بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل مەھسۇلاتلار بۈگۈنكى زامان ئىستېمال ئېڭى بىلەن ماس قەدەمدە ماڭىدىغان باشقا تۈردىكى، ئوخشاش ئىشلىنىشچانلىقتا ئىگە مەھسۇلاتلار تەرىپىدىن شاللىنىپ قالىدۇ ياكى باھاسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا، مودا قوغلاشماسلىق، قىممەت بولسىمۇ ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان، كېلەچەكتە ساتسا يەنە پۇلغا ئالىدىغان بۇيۇملارنى ئېلىش كېرەك. مەسىلەن، مىستىن ياسالغان ئائىلە ئۈسكۈنىلىرى، ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەر، گىلەم ۋە باشقىلار. بۇنداق بۇيۇملار نەچچە يىل ئىشلەتكەندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا پۇلغا يارايدۇ ياكى قىممىتىنى ساقلايدۇ، ھەتتا ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئەتىۋارلىق، پۇللۇق بۇيۇمغا ئايلىنىدۇ.

**4. قىممەت بولسىمۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك بولۇش.** كۆپ ھاللاردا دەسلەپكى ھېسسىيات ۋە يۈزەكى تونۇش تۈپەيلىدىن، ئائىلە بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغاندا ھەمىشە ئەرزان، چىرايلىق بولۇشىنى قوغلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، بۇ ماھىيەتتە ھېسسىيات، چۈشەنچە ۋە قولدىكى پۇلنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا سېتىۋالغان بۇيۇملار كۆپ ھاللاردا كېيىنكى كۈنلەردە قىممىتى تۆۋەنلەپ يوقاپ كېتىشتەك ئەھۋالغا دۇچار بولماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئوبدان پىلانلاش، يىراقنى كۆزلەش، ئۈنۈملۈك بولۇشنى نىشان، مەقسەت قىلىپ ياخشى، ئۈنۈملۈك مەھسۇلاتلارنى تاللاپ سېتىۋېلىش كېرەك. دەسلەپتە قىممىتى بار بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىسە، بىر مەزگىلدىن كېيىن پۇل تاپقاندا سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ. ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكىلى بولىدىغان بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشتا تېخىمۇ ئىنچىكە، ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك.

ئائىلە بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشتىكى بۇ خىل ئۆلچەمدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ خاراكتېر، مىجەزى، ئىستېمال يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا قاراپمۇ، ياخشى، ئۈنۈملۈك بولغان بۇيۇملارنى

سېتىۋېلىش تەرتىپ، ئۆلچەملىرىمۇ بار. ئومۇمەن يۇقىرىقى بىرقانچە نۇقتا سېتىۋېلىش چىقىملىرىنى ئازايتىپ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي، شەرت - شارائىتىنى ياخشىلايدۇ. ئائىلىگە بەرىكەت ئاتا قىلىپ، تېجەش رولىنى ئويناپ، سۈپەتلىك، ساغلام، كۆڭۈللۈك ئائىلە مۇھىتىنى يارىتىشقا ئاساس سالىدۇ.

## ئائىلىگە قانداق بۇيۇملارنى سېتىۋالغاندا تېجەشلىك بولغان بولىدۇ

ئادەم ھاياتىدا ئائىلىسى ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن بۇيۇملارنى سېتىۋالىدۇ. قارىسا ئاشۇ بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى مۇھىمدەك، ھەممىسى لازىملىقتەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن ئوخشاش ئىشلەش قىممىتىگە ئىگە بۇيۇملار سېتىۋېلىنغان بولىدۇ. بەزىلىرى كېيىنچە ھەتتا ئارتۇق مەھسۇلات، ئائىلىگە يۈك بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئارتۇق ئېلىنغان بۇيۇملار، ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، زامانىۋى ئۇسلۇبتا مودا قوغلىشىپ بېزەلگەن ئۆي ۋە شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ سېتىۋالغان ئائىلە سايمانلىرى دېگەندەك.

ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە كېرەكلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشتا كونكرېت ئۆلچەم ۋە تەجرىبىلىرى مۇپەسسەل بولمىسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالى، جەمئىيەت ئەھۋالى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەنئەنە، ئۇسلۇبىغا ئاساسەن مۇۋاپىق پىلانلاپ، ئۆلچەم بېكىتىپ سېتىۋالسا بولىدۇ. بۇنىڭدا ئېنىق چەكلىمە يوق بولسىمۇ، ئۇنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن چەك بېكىتىپ، ئۆلچەم تۇرغۇزۇپ سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سېتىۋېلىش بىلەن ئىشلىتىشنىڭ يوللىرى بەكمۇ كۆپ، تاللاپ ياخشىلىرىنى سېتىۋېلىشنىڭ يوللىرىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ يەردىكى گەپ جانغا دەل ئەسقاتىدىغان، تولىمۇ مۇۋاپىق، ماس كېلىدىغان، ئارتۇق كۈچ كەتمەيدىغان، ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان ۋە كېيىن يەنىلا قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش -

ئاشۇرالماسلىقتا. ئۇنداقتا، قايسى خىل بۇيۇملارنى تاللاپ سېتىۋېلىش ئەڭ مۇۋاپىق؟

1. ئۆي سېتىۋېلىش كېرەك. كىشىلىك تۇرمۇشتا ئۆي بىردىنبىر پاناھلىنىش، باي بولۇش، ياشاش، قىممەت يارىتىش، ئۆزىنى مۇستەھكەملەش، ئۆزىنى نامايان قىلىش ۋاستىسى. ئۆي بولمىسا بولمايدۇ. چۈنكى، ئاشۇ خىل بىرقاتار ئارتۇقچىلىقى بولغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، مەڭگۈلۈك قىممىتى بىلەنمۇ ئاتا - بوۋىلار ئۆيىنى ئۆز ھاياتىدەك قىممەت، ئەزىز بىلىپ تەرەققىي قىلدۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۆي سېتىۋېلىشنىڭ يوللىرى كۆپ خىل، كۆپ مەنبەلىك بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ شەكلى ئۈچ خىل. بىرى، يەر ئېلىپ ئۆي سېلىش؛ ئىككىنچىسى، تەييار ئۆيىنى ئېلىش؛ ئۈچىنچىسى، ئىجارە ئۆي ئېلىش. ئۆي سېتىۋېلىشنىڭ ئۇسۇلى: ئۆز پۇلىغا سېتىۋېلىش، قەرز پۇلىغا سېتىۋېلىش، تاپاۋىتىگە قاراپ سېتىۋېلىش. بۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ قايسىسى قوللىنىلسا بولۇۋېرىدۇ. سېتىۋالغان ئۆي مۇۋاپىق بولۇشى، ئۆلچەملىك بولۇشى كېرەك. مۇۋاپىق بولۇش — ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان بولۇشنى، ئۆلچەملىك بولۇش، قانۇن - تەرتىپكە ئۇيغۇن، رەسمىيەتلىرى تولۇق بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. زادى قانداق ئۆيلەرنى سېتىۋېلىش بىلەن قانداق بېزەشمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش. ئۇ بىر - بىرىگە ماس ھالدا قانات يايسا ھەم تېجەشلىك، ھەم قىممىتى مۇقىم بولىدۇ.

ئۆينىڭ مۇۋاپىق، ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا بولۇشى بىر ئائىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە تېجەشلىك ئائىلە قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر خىزمەتدىشىم مەندىن خېلى كۆپ قەرز پۇل سورىدى، مەن ياق دېسەم بولمايتتى. بىراق، مەن پۇلنى نېمىگە سەرپ قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە سورىدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ مېنىڭ قەرز پۇلنى بېرىشتىن بۇرۇن بىلىشكە تېگىشلىك ئىشىم. چۈنكى، قەرز پۇلنى جايىدا

ئىشلىتىشنى ئازارەت قىلىش ۋە قەرز پۇلنىڭ خىيىم - خەتىرىنى ئازايتىپ، ئۇنىڭ ۋاقتىدا، تولۇق قايتۇرۇلۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىم بار. ئۇ خىزمەتدىشىم ئىدارە سېلىۋاتقان بىنادىن 120 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆيدىن سېتىۋالىمەن دېدى. ئۇ، بۇ ئۆي ئۈچۈن 150 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل تۆلەيدىكەن، ئاز دېگەندىمۇ 100 مىڭ يۈەننى قەرز ئېلىشى كېرەك بولىدىكەن، ئۇ قەتئىي قارارغا كېلىپ بولغان ۋە ئىدارە بىلەنمۇ دېيىشىپ بولغانىكەن. مەن خىزمەتدىشىم ئۈچۈن ئويلاندىم. ئۇ ياخشى ئادەم، ئايالى بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن، قىز - ئوغۇللىرى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ چىقىپ كەتكەن. ئۆزى تىغدەك يالغۇز ئىدى. توي قىلاي دەپ، باللارنىڭ رايىغا بېقىپ توختاپ قالغان. يېشى 55 تىن ئاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۆيدە ئادەم سانى ئاز، 150 مىڭ يۈەنگە ئۆي سېتىۋالسا، يەنە ئاز دېگەندىمۇ 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ ئۆينى بېزىشى، ئائىلە سايمانلىرى ئېلىشى كېرەك. بۇنچە كۆپ پۇلغا قەرزدار بولۇش ئۇنىڭ نورغۇن ئىشلىرىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇ يەنە قانچە يىل ياشايدۇ؟ شۇ ئۆمرىدە قەرزنى قايتۇرۇپ بولالامدۇ؟ بۇ بىر مۇھىم تەرەپ ئىككىنچى بىر تەرەپ، ئىدارە سېلىۋاتقان ئۆيلەرنى باشقىلار ئالسا، چوقۇم ئۇلار ئولتۇرغان ئۆيلەر بىكار بولىدۇ، بىكار بولغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى پاراۋانلىق شەكلىدىكى ئۆي بولۇپ، ھېلىقى خىزمەتدىشىم شۇ خىل ئۆيلەردىن ئالسا، خىزمەت ئىستاژى، ئۇنۋانى قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئالىدۇ، ئۇ چاغدا ھېلىقىدەك ئۆي ئۇنىڭغا ئازغىنە پۇلغا كېلىدۇ، قەرزدار بولمايدۇ، ھەم نورغۇن پۇلنى تېجەپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ قېتىم قولغا تېگىدىغان ئۆي 70 كىۋادرات مېتىر بىلەن 80 كىۋادرات مېتىر ئارىلىقىدا بولىدۇ، ئۇنىڭغا بېزەشكە كۆپ پۇل كەتمىگەندىن باشقا، ئۆينىڭ ھەر يىلى چىقىم بولىدىغان پار، سۇ، توك، تازىلىق، مۇلازىمەت دېگەندەك ھەقلىرىمۇ مۇناسىپ ئاز بولىدۇ، بەلكىم، 120 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆيگە قارىغاندا بىر - ئىككى ھەسسە تۆۋەن بولىدۇ. ئۇ

چاغدا، ھەر يىلى نەچچە مىڭ يۈەن خەجلەيدىغان ئىش ھەر يىلى نەچچە مىڭ يۈەن تېجەيدىغان ھالغا ئۆزگىرىدۇ، ئۇ ئادەم توي قىلىسىمۇ، يەنە نۇرغۇن پۇلى ئاشىدۇ. ئاشقان پۇلنى ئاخىرقى ئۆمرىدە كەڭتاشا يەپ - ئىچىپ، داۋالىنىپ ياكى باشقا خاسىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىپ قويسا، ئۇنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى مەنىلىك، باياشات ئۆتىدۇ. مەن مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا سەمىمىي چۈشەنچە بەردىم. ئۇ دەسلەپ: «بولدى مەن سىزدىن قەرز ئالمايمەن» دېدى. مەن: «ياق، مەن ھەر زامان سىلىگە قەرز بېرىمەن، بۇ پەقەت مەسلىھەتىم، مۇشۇ تەكلىپىمنى قايتا ئويلاپ ئانالىز قىلىپ باقسىلا» دېدىم. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، مەن بىلەن قايتا مۇڭداشتى. ئۇ: بىر چوڭنىڭ، بىر كىچىكنىڭ گېپىنى ئاڭلا دېگەن گەپ بار، مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى چوڭلارغا مەسلىھەت سېلىپ باقتىم. ئۇلار مېنى ئەمەس، سىزنى قوللىدى، مەن قايىل بولدۇم. شۇنداق قىلاي، نېمە قىلىمەن چوڭ ئۆي ئېلىپ!» دېدى. كېيىن ئۇ 18 مىڭ يۈەنگە ھېلىقىدەك 78 كىۋادرات مېتىرلىق ئۆيدىن بىرنى سېتىۋالدى. 12 مىڭ يۈەنگە بېزىدى، ئۆي گۈلدەك چىرايلىق، چاققان ئۆي بولدى، 10 مىڭ يۈەنلىك ئۆي جاھازلىرى ئالدى، توققۇز مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بىر بىلەن توي قىلدى. ئۇ قەرزدارمۇ بولماي، باشقىلارغا يۆلەنمەيلا ئۆمۈرلۈك ئىشىنى ھەل قىلىۋالدى. ئۇ مەندىن ھازىرغىچە مىننەتدار.

بەزىلەر ھەقىقەتەن ئۆيىنى چوڭ، ھەشەمەتلىك بولسا ياخشى بولىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمما شۇنداق ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ دەردى ئۆزىگە ئايان. بەزىلەر ھايات ۋاقتىمىزدىمۇ بولسا، كەڭرەك ئولتۇرغانغا يېتەمدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش ئاتا - بوۋىلارنىڭ كەڭ كەتكەن يېزا - قىشلاقلاردا ئۇ چەت - بۇ چەت ئولتۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان ئادىتى، ئەنئەنىسىدىن پەيدا بولغان. ئەينى زاماندا ھەقىقەتەن ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئاشۇ خىل ئۆيلەرنىڭ چىقىمى يوق، ئاۋارىچىلىكى ئاز ئىدى. ھازىرقى زاماندا

ئەھۋال باشقىچە. شەھەرلەردىكى ئۆيلەر قەۋەتلەشتى، يېزىلاردىكى ئۆيلەر زىچلاشتى. شەھەرلەردىكى ئۆيلەر يۇقىرى باھادا سېتىلىدىغان بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ئاز بولمىغان چىقىملىرى بار. شۇڭا، ھېلىقىدەك كەڭرى ئۆيدە ئولتۇرۇشنى چوڭ بىلگەن نۇرغۇن كىشىلەر كىرىمىگە، تۇرمۇش سەۋىيەسىگە قاراپ ئىش قىلمىغانلىقتىن، ئۇ ئۆيلەرنىڭ ئايلىق، يىللىق چىقىمىغا چىقىش قىلالمىدى. بەزىلەر چوڭ ئۆيلەردە كولدۇرلاپ قالدى. قارىسا، بالىچاقىلىرى ئۆي ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئۆزى ئەر - خوتۇن يالغۇز قالغان. ئۆينى تازىلاپ بولالمىغان، مۇلازىمەت ھەقلىرى ئېغىر كەلگەن.

شەھەرلەردىن ئۆي سېتىۋالغان ۋە ئىجارە ئالغاندا، ئۆي كۆلىمىنىڭ مۇۋاپىق، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، بىر قەدەر كىچىك، چاققان بولۇشىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ تۈرلۈك چىقىملىرى ئاز بولىدۇ، ئۇ چاغدا كۆپ چىقىملارنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆلچەمنى ئۆي ئالغان، ساتقاندا ئالاھىدە نەزەرگە ئېلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى، يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. قايسىسىنى تاللاش — كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، خاراكتېرىگە باغلىق بولىدۇ.

2. ئۆي بېزەش. ئۆي بېزەشمۇ ھازىرقى زاماندىكى مودا ئېقىملىرىنىڭ بىرى. نۇرغۇن ئۆيلەر ناھايىتى ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزىلىۋاتىدۇ، بېزەش ئۇسلۇبى، نۇسخىلىرى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە يېڭىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھال زور بايلىقنى خورىتىپ، ئىسراپچىلىقنى زىيادە ئاشۇرۇۋەتتى، نادان ئادەملەر بۈگۈن بىر خىل ئۆي بېزىگەن بولسا، ئەتىسى باشقىلارنىڭكىنى كۆرۈپ ئۇنى بۇزۇپ يېڭىسىنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇلاردا مودا قوغلىشىش بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش، كۆز - كۆز قىلىش خاھىشى ئىنتايىن ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. مودا قوغلىشىپ ئۆي بېزەش نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق ئۆيلەرنى سېتىشقا ياكى

باشقا جايغا يۆتكىلىشكە توغرا كەلگەندە، بېزەك چىقىملىرى بېرىلمەيدۇ ياكى ئاز بېرىلىدۇ. زامانىۋى مەھسۇلاتلاردا بېزەلسە، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىر بولىدۇ. ئالىملار ياشانغانلار ئارىسىدىكى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىنى تەكشۈرگەندە، زامانىۋى بېزەك ماتېرىياللىرىدا بېزەلگەن ئۆيلەردە ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق ھەر خىل پۇراق ۋە زىيانلىق ماددىنىڭ تارقىلىپ، ئادەمنىڭ مېڭە، نەپەس يولى ئەزالىرىغا كىرىپ، مېڭە توقۇلمىلىرىنى بۇزۇش ئارقىلىق، مېڭە تىقىلمىسى پەيدا بولۇش، نەپەس سىقىلىپ تۇنجۇقۇپ قېلىشتەك سەۋەبلەردىن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ھەشەمەتلىك بېزەش ئائىلىلەرگە ناھايىتى نۇرغۇن زىيانلارنى سالىدۇ، بىزدە «تاپسا تامغا چاپلايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ ئاتا - بوۋىلارنىڭ تاپقان پۇلىغا گىلەم ئېلىپ، ئۇنى تامغا چاپلىشىدىن پەيدا بولغان گەپ. لېكىن، ھازىرقى تامغا چاپلاش بىلەن ئەينى زاماندىكى تامغا چاپلاشنىڭ پەرقى ناھايىتى زور، ئىلگىرىكىلەر ئېشىنغان پۇلغا گىلەم ئېلىپ تامغا ئېسىپ، ئۇنى زىننەت بۇيۇمى قىلغان ھەم ئۇنى بايلىق توپلاشنىڭ بىر قىسمى قىلغان. چۈنكى، باشقا كۈن چۈشكەندە گىلەمنى يۆلۈپ ئېلىپ چىقسا پۇلغا ساتقىلى بولاتتى. ئۆي بېزەشتە ئاتا - بوۋىلار ئۇزاق يىللار داۋامىدا قوللانغان ۋە ئىجاد قىلىپ قالدۇرغان ئەنئەنىۋى ئۆي بېزەش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھەم تېجەشلىك، ھەم كۆركەم، ئۇزاق يىللار مودىدىن قالمايدىغان قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ، ئائىلە بېزەكچىلىكىدە مەڭگۈلۈك پۇل تېجەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يولى.

ئۆي بېزەشمۇ بىر خىل ھۈنەر - سەنئەت ۋە تىجارەت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆي بېزەش، نەققاشچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ رەڭدار نامايەندىلىرى 400 — 500 يىللاپ ساقلىنىپ كەلدى. ئۇ بىر قېتىم كۈچەپ بېزەش بىلەن 100 يىللاپ ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى، گۈزەل، كۆركەم، نەپىسلىكىنى ساقلايدۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۆي بېزەشتىكى چىقىش يولىمىز ۋە تاللىشىمىز بولىدۇ. بۇ يەردە بىز ھازىرقى زامان ئۆي بېزەكچىلىكىنىڭ ساختا، چاكىنا ۋە مودا خاھىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك بىر تەرەپلىمىلىكىدىن تەدرىجىي بىزار بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئىسراپچىلىق ھالقىلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ھامان تونۇپ يېتىمىز.

مۇبادا بىز مۇشۇ دەۋرگە خاس بېزىمەكچى بولساق، چوقۇم ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى، ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنى نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. يەنى بىز ئۇنى ھازىرقى زامانغا لايىقلاشتۇرۇپ ياساپ، ئۇنى مۇلازىمەت ياكى سودا ـ سېتىق ئۈچۈن ياكى بولمىسا ساياھەت كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى ئاساس قىلغان كۆرسىتىش ئورنى قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بىز ئۇنى دەۋر مودا ئېقىمىغا ماسلاشتۇرۇپ بېزەشنى يولغا قويساق بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاددىي، ئازادە، ساغلاملىققا پايدىلىق، ئېھتىياجغا ماس، مەيلى بېزىگەندە بولسۇن ياكى بېزەپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن ئىسراپچىلىق، ئاۋارىچىلىك كەلتۈرمەيدىغان، بەلكى ئىقتىسادنى تېجەيدىغان قىلىپ بېزەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

3. گىلەم سېتىۋېلىش كېرەك. گىلەم ھەممە جايدا ئەتىۋارلىق، شۇنداقلا ئەلمىساقتىن بۇيان قەدىرلىنىپ كەلگەن ئائىلە زىننەت بۇيۇمى. ئۇ ئۆزىدىكى سەنئەت ۋە ئۇزاق زامان ئىشلەتكىلى بولىدىغان، ئائىلىگە ھەقىقىي ھەم مەڭگۈلۈك جۇلا بېرىدىغان يۈكسەك قىممىتى بىلەن ئائىلىنىڭ ئوبرازىنى، ئائىلە سۈپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى.

كونا زاماندا گىلەمنى باي ـ پومېشچىكلار، ئەمەلدارلار ئىشلەتكەن. ئادەتتىكى پۇقرالار ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، گىلەم ئۆي ـ ئۆيلەرگە كىرىشكە، تام ـ تورۇسلارغا مىخلىنىشقا، 90 ـ يىللاردا بولسا، ئۆيىنىڭ ئاستىدىكى كىگىز، شىرداقلارنىڭ ئورنىغا سېلىنىشقا

باشلىندى. 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىشىلەر مودا ئېقىمى بولغان ئۆي تېگىنى چاقچۇقلاشتۇرۇش ۋە پوللاشتۇرۇش ئېقىمى تەسىرىدە گىلەمنى بىر - بىرلەپ يىغىپ قويۇشقا ۋە سېتىۋېتىشكە باشلىدى. مانا ھازىر كىشىلەر يەنە گىلەمنى قايتىدىن ئۆيگە سېلىشقا باشلىدى.

گىلەم توغرۇلۇق بىزدە نۇرغۇن ھېكايىلەر بار. ئۇلارنى يىغساق، گىلەم قانچە ئۇزاق تۇرسىمۇ رەڭگى ئۆڭمەيدىغان، قىممىتى چۈشمەيدىغان «ئالتۇن سېلىنچا». بىر پارچە گىلەم گەرچە باشقا سېلىنچىلارغا سېلىشتۇرغاندا قىممەت بولسىمۇ، ئاشۇ ئەرزان سېلىنچىلارنىڭ بىرنەچچە 10 پارچىسىنىڭ ئىشنى قىلىدۇ، يەنى ھەرقانداق سېلىنچا ئەرزان، كۆركەم بولسىمۇ، ئۇ بىر - ئىككى يىلدىن كېيىن مودىدىن قالىدۇ، رەڭگى ئۆزگىرىدۇ، بازارغا ئېلىپ چىقسىڭىز ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدۇ. گىلەمنى بىر ئەسىر ئىشلىتىپ بازارغا ئېلىپ چىقسىڭىز، يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى باھاسىدىن 10، 100، ھەتتا 1000 ھەسسە ئارتۇق پۇلغا ئالىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئۆلۈكىمۇ ئالتۇن دېگەنلىك بولىدۇ. سىز ئائىلە ئۈچۈن ئاز - ئازدىن پۇل توپلاپ، بىر پارچە، بىر پارچىدىن بىرقانچە يىلغىچە سەۋرچانلىق بىلەن گىلەم سېتىۋالسىڭىز، ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سېلىنچا سېتىۋېلىپ، يەڭگۈشلەش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ قالىسىز. باشقا كۈن چۈشكەندە دەرھال سىز ئۇنى نەق پۇلغا ئالماشتۇرۇپ ئالالايسىز. مەيلى قانداق بولسۇن، سىز ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئائىلىڭىزنىڭ سېلىنچىسى ئۈچۈن ئامال بار گىلەم سېتىۋېلىڭ.

**4. تۆشەك سايمانلىرىنى ئالاھىدە قىلىش كېرەك.** بەزى ئۆيلەرگە كىرىدىغان بولساق، بىر نەچچە خىل قازان، نەچچە ئون خىل چىنە - چەينەكنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. بۇ بىرسى، مودا قوغلاشقانلىقنىڭ، يەنە بىرسى، ئاياللارنىڭ مەمەدانلىق قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشىنىڭ ئىپادىسى. ھالبۇكى، مەيلى قانداق

خىلدىكى تۆشەك سايمانلىرىنى سېتىۋالايلى، ئاز بولۇش، ساز بولۇش، مۇۋاپىق بولۇش، ئۈنىۋېرسال بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئىشلەتكەن مىستىن ياسالغان ئائىلە سايمانلىرى يەنىلا ئەتىۋارلىق ۋە قىممەتلىك بولۇشقا مۇناسىپ. بىز ھازىرقى زامان ئېقىمىغا ماسلىشىپ، قانداق قازان - قومۇچ چىقسا، شۇنى سېتىۋالىدىغان دەۋر ئېقىم كېسەللىكى ۋە مودىغا مەپتۇن بولۇش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالدۇق. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدە سۈت پىشۇرۇش قازىنى، تۇخۇم پىشۇرۇش قازىنى، قورۇما قورۇش قازىنى، ھورنان قازىنى، گۆش پىشۇرۇش يۇقىرى بېسىملىق قازىنى، چاي قاينىتىش قازىنى، ئاش پىشۇرۇش قازىنى دېگەندەك قازانلار دەستە - دەستە بولۇپ كەتتى. بۇلارنى سېتىۋېلىش ئىستېمال ئىسراپچىلىقى بولۇپلا قالماستىن، ساقلاش، بىر تەرەپ قىلىش، ئىشلىتىش، ئاسراش قاتارلىق جەھەتتە ئاۋارىچىلىكى بار. ئاتا - بوۋىلىرىمىز مىستىن ياسالغان بىر - ئىككى خىل ھەم شۇنداق ئۈنىۋېرسال قازانلارنى ئىجاد قىلغان. ھازىر كىشىلەر ئاشۇ خىل قازانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ياخشىلىقى، ئەپچىل، قولايلىقى، بىخەتەر، ساغلاملىققا پايدىلىق بولۇشتەك مۇھىم ئالاھىدىلىكى، خاسلىقىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. ھازىرقى زامان قازانلىرىنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، كۆپلىرىنىڭ سالامەتلىككە زىيان سالىدىغان يېتەرسىزلىكى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. مىستىن ياسالغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى چىدامىلىق، قالدۇقىنى يەنە پۇلغا ساتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، تۆشەك سايمانلىرى ۋە قازان - قومۇچلارنى مىستىن قىلىش، ئاز قىلىش، ساز قىلىش، مۇۋاپىق قىلىش، ئۈنىۋېرسال قىلىش، بەزى بۇيۇملارنى ئالاھىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ياغاچلىرىدىن ياساپ ئىشلىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ناھايىتى نۇرغۇن ئىسراپچىلىقنى تىزگىنلەپ، ئاز بولمىغان ئىقتىسادنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**5. ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋالغاندا ئېھتىياتچان بولۇش لازىم.** ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋالغاندا بىرىنچىدىن، پۇختا بولۇش، داڭلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، ئىسراپچىلىقى ئاز، ساتقان ئورۇننىڭ مۇلازىمىتى ئەتراپلىق، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئەپچىل، چاققان، سۈپىتى يۇقىرى بولۇشى كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتسىمۇ سالامەتلىككە زىيان سالمايدىغان بولۇشى كېرەك؛ بەشىنچىدىن، سېتىشقا توغرا كەلسىمۇ، يەنە مەلۇم پۇلغا ساتقىلى بولىدىغان بولۇشى كېرەك.

بۇلاردىن باشقا، ئائىلىدىكى توك، سۇ، ئەۋرەت يولى قاتارلىقلارنىڭمۇ پۇختا، مۇۋاپىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇلارغا ئىشلىتىلگەن زاپچاسلارنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## ئائىلىدە نۇقتىلىق تېجەيدىغان تۈرلەر

ئائىلىدە تېجەشنى يولغا قويىدىغان تۈرلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن چوڭ، بەزىلىرى شۇقەدەر كىچىك. چوڭ تۈرلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندە كىچىك تۈرلەردە يوچۇق قېلىشى، كىچىك تۈرلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندە چوڭ تۈرلەر قېپقېلىشى مۇمكىن. ئالدى بىلەن بىز ئەڭ مۇھىم بولغان تۈر ۋە مۇھىم بولغان چوڭ تۈرلەرنى نۇقتىلىق تونۇشىمىز، تېجەش تەدبىرلىرىنى كونكرېت تەتبىقلاپ، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇلار سۇ، توك، يېمەكلىك، ساغلاملىق، كىيىم - كېچەك، باردى - كەلدى، ئۈنۈمسىز ئائىلە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، قاتناش ۋاستىلىرى، قارىسىغا مەبلەغ سېلىش، ئائىلىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىش، بىھۇدە جېدەل - ماجىرا، دە - تالاش قاتارلىقلار بولۇپ، دىققەت قىلىپ ئالدىنى ئالمىسا، ناھايىتى زور زىيان كەلتۈرىدۇ.

1. سۇنى تېجەش كېرەك. ھاياتلىق ئۈچۈن سۇ مۇھىمنىڭ مۇھىمى، شۇنداقلا ئائىلە ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. لېكىن، نۇرغۇن ئائىلىلەر سۇ تېجەشكە بەكمۇ سەل قارايدۇ. ئەسلىدە سۇ تېجەش، سۇ بايلىقىنى قوغداش ئالدى بىلەن ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئائىلە سۇ بايلىقىنى تېجەيدىغان بىرىنچى كۆزنەك. چۈنكى، ئىچىملىك سۇنىڭ خوراشتىكى ئەڭ چوڭ مەنبەسى ئائىلە بولۇپ، باشقا ساھەدىكى سۇ ئىسراپچىلىقىغا سېلىشتۇرغاندا ئائىلىدە ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. ئۇ، مىليونلىغان ئائىلىلەرگە بىۋاستە چېتىلىدۇ.

سۇنى تېجەش دۇنيا خاراكتېرلىك چوڭ ۋە ئېغىر ۋەزىپە. سۇ تېجەشنى ئائىلىدىن باشلاش ئىنسانىيەت، مىللەت، ئائىلە ئۈچۈن بەخت ئاتا قىلىدىغان چوڭ ئىش. سۇنى ئائىلىدە تېجەشنىڭ كۆپ خىل يوللىرى بار، ئەڭ مۇھىمى ھەربىر ئائىلە ئەزاسى زادى قانداق قىلغاندا، سۇ ئىشلىتىشتە تېجەشلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ؟ بۇ شۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خاراكتېرى، ئائىلە شەرت - شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردە بىز مۇنداق بىر قانچە ئىشنى قانات يايدۇرغاندا، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارايمىز.

2. ئەسلىھەلەر پۇختا بولۇش كېرەك. ئەسلىھەلەر دېگىنىمىز، سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇرۇبا، جۈمەك قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىم پۇختا بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇنى قىشتا توڭلاپ يېرىلىپ قالمايدىغان، يازدا چىرىپ، سېسىپ كەتمەيدىغان قىلىش، ھەر ۋاقىت ئاسراش كېرەك. تۇرۇبا يولى پۇختا، راۋان، جۈمەكلەر مۇستەھكەم بولۇشى كېرەك. يېرىلىپ، سېسىپ سۇ ئاقىدىغان بولۇپ قالسا، سۇ ئىسراپچىلىقى بولۇپلا قالماستىن، باشقا جايلارغا سۇ ئۆتۈپ كېتىپ، تاملارنىڭ ئۇلتۇرۇشۇپ كېتىشى، بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتەك ئېغىر زىيانلارنى پەيدا قىلىدۇ. تۇرۇبا ۋە جۈمەك سېتىۋالغاندا ئەرزان دەپ سۈپەتسىزنى ئەمەس، ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكىلى بولىدىغان،

سېسىش، چىرىشتىن ئۈزاق مۇددەت خالىي بولالايدىغان سۈپىتى ياخشى ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ قۇراشتۇرۇش كېرەك. كۆپ ھاللاردا جۈمەك ئاسانلا بۇزۇلۇپ سۇ ئاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مىستىن ياسالغان، سۇ توسۇش تۆشۈكچىسىنى قوشۇمچە ماتېرىياللار بىلەن توسقىلى بولىدىغان، قىسقىلى بولىدىغان، ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئەپلىك، چىداملىقلىرىنى سېتىۋېلىش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى جۈمەك بۇرمىلىق بولغان، سۇ توشۇش تۆشۈكچىسى رېزىنكە ياكى باشقا بىرىكمە ماتېرىياللار بىلەن توسۇلىدىغان بولۇشى كېرەك. بۇنداق جۈمەكنى ئۇزاق ئىشلەتكىلى ۋە ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىپ سۇ تېجەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

3. سۇ چىقىش مەنبەسىنى كىچىكلىتىش كېرەك. ئىدارىمىزدىكى بىرەيلەن سۇ پۇلىغا ھەر ئايدا 200 يۈەندىن 270 يۈەنگىچە پۇل تۆلەپ ناھايىتى قارنى ئاغرىغان. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئەزالىرىغا سۇنى تېجەشنى تەشەببۇس قىلغان. لېكىن، ئەسلىھەلەرنى تېجەش ئۆلچىمىگە يەتكۈزمىگەن. ھەر ئايدا ئاشۇنداق پۇل تۆلەۋەرگەندىن كېيىن، رېمونتچىدىن مەسلىھەت ئالغان. رېمونتچى تەكشۈرۈپ، ئىشلەتكەن جۈمەكلەرنىڭ سۇ چىقىرىش ئېغىزىنىڭ زىيادە چوڭلۇقىنى، ھاجەتخانىنىڭ سۇ ئېقىتىش مىقدارىنىڭ زىيادە كۆپلۈكىنى، تۇرۇبا يولىدا تېشىلگەن، يېرىلغان، بۇزۇلغان جايلارنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ كىشى پۈتۈن تۇرۇبا يوللىرىنى ئۆزگەرتىپ، تېجەش تىپىدىكى سۇ ئەسلىھەلىرىنى سەپلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ھەر ئايدا 60 ~ 70 يۈەنلىك سۇ پۇلى تۆلەيدىغان بولغان. بىز بۇنى مۇنداق ھېسابات قىلىپ باقايلى: ئۇ ئادەم ھەر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 يۈەن تېجەپ قالسۇن.

1 (يىل) × 12 (ئاي) × 150.00 (يۈەن) = 1800.00 (يۈەن)

10 (يىل) × 1800.00 (يۈەن) = 18000.00 (يۈەن)

مۇبادا شۇ ئادەم 60 يىل تېجىسە، ئۇ چاغدا

(يۈەن) 108·000·00 = (يۈەن) 1800·00 × (يىل) 60

تېجەپ قالغان بولىدۇ.

بىر ئائىلىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر كۈندە 10 كىلوگىرام سۇنى تېجەپ قالدى دەپ ھېسابلىساق، ئۇ ھالدا مۇنداق بولىدۇ:

(كىلوگىرام) 300 = (كىلوگىرام)10 × (كۈن) 30 × (ئاي)1

(كىلوگىرام) 3600 = (كىلوگىرام) 300 × (ئاي) 12 × (يىل) 1

بىز بەزى نەرسىلەرنى ئىنچىكە ھېسابلىساقلا، ئارىلىقتىكى پەرق ئايرىلىدۇ، پاكىت ئايدىڭلىشىدۇ. ھېسابلاپ كۆرسەك، ئاندىن بىز زادى قانچىلىك پايدا ـ زىيان بارلىقىنى ئېنىق بىلەلەيمىز. ئائىلىلەردە سۇ تېجەشتە ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك. بىرىنچىسى، سۇ چىقىش ئېغىزىنى كىچىكلىتىش كېرەك. بۇنىڭدا جۈمەكنىڭ سۇ توسۇش نۇقتىسىدىكى رېزىنكىگە يەنە بىر تال ياكى ئىككى تال رېزىنكىنى ئۈستى ـ ئۈستىگە قويۇپ، سۇنىڭ بېسىمىغا بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇپ، جۈمەكتىن ساقىپ سۇ چۈشىدىغان قىلىش كېرەك. ئادەتلىنىپ كەتكەن سۇ ئىشلىتىش ئۇسۇلى بويىچە جۈمەكنى بەك ئېچىپ سۇ ئىشلەتكەندە كۆپ ھاللاردا چۈشكەن سۇغا قارىغاندا، ئىشلەتكەن سۇيىمىز ھامان ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن سۇ ئىسراپ بولۇپ بىكارغىلا خوراپ كېتىدۇ. سۇ ئۆتۈش تۆشۈكچىسىنى قىسقاندا، سۇنىڭ مىقدارى ئاز چىقىش بىلەن بىرگە، بېسىمى تۆۋەنلەپ، سۇنىڭ ئىسراپ بولۇش مىقدارى ئازىيىدۇ. ئائىلىلەردە قول يۇيىدىغان، يۈز يۇيىدىغان جۈمەكلەرگە مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا ناھايىتى ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇ يەردە بىر نەرسىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئاش ـ تاماق، كىر ـ قات سۇلىرى ئۈچۈن ئايرىم جۈمەك بېكىتىش، ئۇ جايلاردىكى جۈمەكلەرنىڭ سۇ توسۇش نۇقتىسىنى بوشراق قويۇش، بەك قىسىۋەتمەسلىك كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، ئەۋرەت

يولىنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. ھاجەتخانىلارغا سۇ تېجەيدىغان ئەسلىھەلەرنى ئورنىتىش كېرەك؛ ئىككىنچىسى، ئالدى بىلەن سۇنى چېلەك ۋە ئىدىشلارغا قاچىلاپ، ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا ھەر كۈنلۈك ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان سۇلارنى ئۆلچەملىك، مۇۋاپىق ئىشلەتكىلى، يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق سۇنى ئىشلەتكەندە سۇنىڭ بېسىمى بولمايدۇ، ئىشلىتىش ئۆلچىمىنى ئالدىن مۆلچەرگىلى بولىدۇ. سۇنى تېخىمۇ تېجەش ئۈچۈن، سۇ چۈشۈش ئېغىزى كىچىك بولغان چەينەك، ئىۋرىق، چۆگۈنگە ئوخشاش نەرسىلەرگە قاچىلاپ ئىشلەتكەندە، تېجەش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاشۇ خىل سۇنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىنكى سۇنى باشقا داس، چېلەككە يىغىپ، سۇنى سۈزۈپ، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى سۇغارسا، يەر سۈرتكۈچنى چىلاپ يۇيسا، ھويلا - ئاراملارغا چاچسا بولىدۇ.

**4. توك تېجەش كېرەك.** ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز ئائىلىدە ساپال چىراغ، چويۇن چىراغ، جىنچىراغ، شام ئىشلەتكەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنى مەنبە قىلغان يورۇتۇش چىراغلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئائىلە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى توكنى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىدىغان بولدى. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن توك تېجەشمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن:

بىرىنچىدىن، ئائىلىدىكى توك مەنبەسىنىڭ سىم يولى، ئۇلاش مەنبەلىرى چوقۇم يۇقىرى ئۆلچەملىك، ئەلا سۈپەتلىك، بىخەتەر، تېجەشلىك بولۇشى كېرەك. مۇبادا سۈپىتى ناچار بولۇپ قالسا، ئوت كېتىش، توك سوقۇۋېتىش سەۋەبلىك ئادەم ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر قېتىم ئوت كەتسە، ھەتتا بىر ئۆمۈر يىغقان بايلىق نابۇت بولىدۇ. بىرەر ئادەم توك سوقۇۋېتىش سەۋەبىدىن قازا قىلسا، ئۇ چاغدا بىر ئائىلىنىڭ ئېرىشىدىغان بارلىق ماددىي، مەنىۋى خۇشاللىقى بەربات بولىدۇ. شۇڭا،

ئائىلىدىكى توك مەنبەلىرىنىڭ پۇختا، ئۆلچەملىك، بىخەتەر بولغان - بولمىغانلىقىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ، ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ تۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تېجەش ئۇسۇللىرىنى ياخشى قوللىنىش كېرەك. بۇنىڭغا بىرسى، تۆۋەن سەرپىياتلىق، يورۇتۇش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان لامپۇچكىلارنى ئىشلىتىش، يورۇتۇش زۆرۈرىيىتى بولمىغان جايلارغا چىراغ بېكىتمەسلىك لازىم. بۇنىڭدىن باشقا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى سېتىۋالغاندا، تۆۋەن سەرپىياتلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغانلىرىنى، تېجەش تىپىدىكىلىرىنى تاللاپ سېتىۋېلىش كېرەك.

مەلۇم سودا سارىيىنىڭ غوجايىنى ئۆزىنى كۆرستىش ۋە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، ئۆزى ئاچقان ماگىزىنىنىڭ ھەممە جايىنى چىراغ بىلەن بېزەپ، رەڭگارەڭ قىلىۋەتكەن. چىقىم ئېشىپ كەتكەندىن كېيىن چىراغلارنى قىسقارتىپ، يېقىش ۋاقتىنى ئازايتقاندىن كېيىن ئېيىغا ئاران 30 ~ 40 يۈەنلىك توك پۇلى تۆلەپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن 900 يۈەندىن كۆپرەك پۇلنى تېجەپ قالغان. بۇ پۇل ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پايدىسىنى مەلۇم نىسبەتتە ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغان. ئائىلىدىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، تەبىئىيكى توك پۇلىنى ئازايتقىلى، تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە توكنى ئېھتىياجغا قاراپ ئىشلىتىش، ئىشلىتىش ۋاقتىنى ئەستايىدىل قىسقارتىش كېرەك.

**5. ساغلام يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.**

بۇ يىل جەنۇبىي جۇڭگودىكى خەينەن ئۆلكىسىگە ساياھەتكە بارغاندا، بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئورۇق، تېرىسىنىڭ پارقىراقلىقىنى كۆرۈپ، بىر كۈنى يول باشلىغۇچىدىن سوراپ باقتىم:

— سىلەر نېمىشقا ئورۇق؟

— بىزنىڭ خاراكتېرىمىز، تەن قۇرۇلۇشىمىز مۇشۇنداق. چۈنكى، بىزنىڭ گۆشنى ئاساس قىلغان يېمەكلىكلەرنى كۆپ

ئىستېمال قىلىدىغان ئادىتىمىز يوق، ئاساسلىقى مېۋە - چىۋە، سەي - كۆكتات، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلىمىز. سىلەرنى قوي گۆشىنى كۆپ يەيدۇ، دەپ ئاڭلايمەن، شۇڭا سىلەردە قان بېسىمى، سېمىزلىك، قاندا ماي كۆپ بولۇش قاتارلىق كېسەللىكلەر كۆپ ئىكەن.

يول باشلىغۇچىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم ھەمدە بىزمۇ يېمەكلىك ئىستېمالىمىزنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ، تېجەش تېپىدىكى، ساغلاملىققا پايدىلىق يېمەكلىك ئىستېمالىنى بەرپا قىلىشىمىز زۆرۈر ئىكەن دەپ قارىدىم.

ھازىرقى زامان راھەتپەرەسلىك كېسەللىكى سالامەتلىكىمىزنىڭ ناچارلىشىشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك ئۆي تائاملىرى بىلەن ھايۋانات گۆشىنى ئىستېمال قىلىشنى تەدرىجىي ئازايتىپ، ئۇنى قوشۇمچە تائام قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا، يۇقىرى ئېنېرگىيەلىك يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن كېلىپ چىققان كېسەللىكتىن خالىي بولغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا سەرپ قىلغان ئىقتىسادىي چىقىمنىمۇ ئازايتقىلى بولىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا لەززەت ۋە ھۇزۇر ئېلىشتەك ئالاھىدە بەختتىنىمۇ بەھرىمەن بولۇش كېرەك. بىراق، ئۇ چوقۇم تەن ساغلاملىقى، ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتنىڭ يار بېرىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇشى كېرەك. ھازىر دەل تاماق ئىستېمالىدىكى يۇقىرى سەۋىيەدە غىزالىنىش زور چىقىم پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، ساغلاملىقنى زور زىيانغا ئۇچراتماقتا. ئەگەر بىز ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ يېمەكلىك ئىستېمالىدىكى بىنورماللىقتىن كېلىپ چىققان كېسەللىكلەرنىڭ داۋالىنىش چىقىمىنى قوشىدىغان بولساق، بىر ئائىلىنىڭ ئاشلىق بىلەن گۆشكە سەرپ قىلغان چىقىمىغا يېقىنلىشىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

بىرىنچىدىن، يېمەكلىك ئىستېمال قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىش

ناھايىتى زۆرۈر.

ئىككىنچىدىن، يېمەكلىك ئىستېمالىدا پۇرچاق تۈرىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئاساسىي ئوزۇقلۇق قىلىشقا يۈزلىنىش كېرەك. پۇرچاقلاردىن ياسالغان يېمەكلىكنىڭ گۆش ۋە ئاشلىققا قارىغاندا ماي مىقدارى تۆۋەن، ئادەم بەدىنىگە ئېھتىياجلىق ئوزۇقلۇق ۋە مىكرو ئېلېمېنتلار كۆپ بولۇپ، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىش خەۋپى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خىل يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى بىر قەدەر تۆۋەن، بىۋاستە ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان بولۇپ، زور مىقداردىكى چىقىمنى تېجەپ قالىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، سەي ـ كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش كېرەك. سەي ـ كۆكتاتلارنىڭ ئادەم ئورگانىزملىرىغا كۆرسىتىدىغان ياخشى تەسىرى چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى تۆۋەن، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ھەزىم قىلىش ئاسان بولۇپ، نۇرغۇن ئىقتىسادنى تېجەپ بېرىدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش كېرەك. ئۆي قۇشلىرىنىڭ ماي ماددىسى ئاز، قۇۋۋىتى يۇقىرى، باھاسى بىر قەدەر ئەرزان بولىدۇ. مەسىلەن،

بىر ئائىلىدىكى تۆت نوپۇس كۈنىگە 600 گىرامدىن گۆش سېتىۋالسا، بىر ئايدا 18 كىلوگىرام گۆش سېتىۋالىدۇ، يەنى
(كىلوگىرام) 18 × 35.00 (يۈەن) = 630.00 (يۈەنلىك گۆش)
گۆش

ئۇنداقتا بىر كىلوگىرام گۆشنىڭ پۇلىغا ئۈچ كىلوگىرام توخۇ گۆشى سېتىۋالسا، ئۇ ھالدا:

(كىلوگىرام) 54.00 = (كىلوگىرام) 18 × 3

دېمەك، تەڭ قىممەتتىكى پۇلغا ئىككى ھەسسە ئارتۇق توخۇ گۆشى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. يەنى 36 كىلوگىرام گۆشنى ئارتۇق سېتىۋالغىلى بولىدۇ.

دېمەك، قوي گۆشى سېتىۋالغانغا قارىغاندا ئۆي قۇشلىرىنى، يەنى توخۇ گۆشى سېتىۋالغاندا، بىر يىلدا بىر ئائىلىدە 6816.00

يۈەن تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

بەشىنچىدىن، تەييار يېمەكلىك ئىستېمالىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش كېرەك. تەييار يېمەكلىكنى تاللاپ ئېلىش، مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرى زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلىشتىن كېلىدۇ. ئۇنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىشقا سەل قارىماسلىق كېرەك. ئۇ ھەم ۋاقىت تېجەپ بېرىدۇ ھەم ئىسراپچىلىقنى ئازايتىدۇ. باھاسى بەك يۇقىرى ئەمەس.

**6. ساغلاملىقنى ھەر ۋاقىت مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك.** ھازىر كىشىلەرنىڭ بارلىق ئەس - خىيالى سالامەتلىكىنى ئاسراش ۋە سالامەتلىكى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش بولۇپ قالدى. بەزىلەر بىر ئۆمۈر تاپقان - تەرگىنىنى كېسەل داۋالىتىش ۋە سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشكە قارىتىۋاتىدۇ. ئىلگىرى كىشىلەر كۆپرەك پۇل تېپىپ بايلىق توپلاپ، بەخت يارىتىشقا بارلىقىنى مەركەزلەشتۈرگەن بولسا، مانا ئەمدى ئامان - ئېسەن، سالامەت بولۇشقا بارلىقىنى ئاتايدىغان بولۇپ قالدى. راھەت - پاراغەت ئىچىدىكى غەمسىز تۇرمۇش، مول نازۇ - نېمەتلەرگە تولغان ئىستېمال كىشىلەرنى ساغلاملىق جەھەتتە بىخۇد، پاراسەتسىز قىلىپ قويدى. مۇھىت بۇلغىنىش بىلەن زىيادە يۇقىرى ئىستېمال ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى، تەن قۇرۇلمىسىنى ۋە ساغلاملىق رىتىمىنى قالايمىقان قىلىپ، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەن ساپاسىنىڭ ناچارلىشىشىغا سەۋەب بولماقتا. بىر ئائىلىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن سەرپ بولۇۋاتقان چىقىم ھەرقانداق باشقا تۈردىكى چىقىمدىن كۆپ ۋە سىجىل بولۇۋاتىدۇ. بۇ كىشىلىك تۇرمۇشقا ئېغىر بېسىم ۋە ئىسراپچىلىق ئېلىپ كەلمەكتە. بۇ مەسىلىنى زادى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟ مۇنداق بىرقانچە ئىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇش ۋە ئادەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئىستېمال رىتىمىنى ئۆز ساغلاملىقىغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. بىز يۇقىرىدا غىزالىنىش ئادىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئەنە شۇ ئامىللار ساغلاملىقتىكى ئاساسىي تەرەپ بولۇپ، ھازىرقى ئىستېمال قىلىش ئادىتىمىزنى تەدرىجىي ئۆزگەرتمەي، ياخشىلىماي بولمايدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلار بىر - بىرىگە دورا بولۇپ، ئۆزئارا تەسىر قىلىش ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ جەھەتتە ناھايىتى نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى توپلىغان، ئۆز مىجەزىگە قاراپ ئوزۇقلانغان. ئىسسىق - سوغۇق ھارارىتىنى تەڭشەپ، ساغلاملىققا ئاساس سالغان. ئۇلار قىشتا قېلىن كىيىنىپ، پۇت ۋە بېشىنى سوغۇق تېگىشتىن ساقلىغان، بېلىنى باغلاپ، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، تال، ئومۇرتقا قاتارلىق قىسىملارنى قوغدىغان. ھالبۇكى، بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. بەلكى، نادانلارچە تېز قۇتقۇزىدىغان، تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئەمما ئەگەشمە كېسەللىك پەيدا قىلىدىغان دورىلارنى يېدۇق. ئەسلىدە بۇنداق دورا يېيىشتىن ساقلىنىپ، ئۆزىمىزنى تەبىئىي رەۋىشتە ساغلام قىلالايدىغان ساغلاملىق بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان بولساق ئۈنۈمى ياخشى بولاتتى. بۇ جەھەتتە ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز. ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ساغلام كەيپىيات يارىتىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەدېسە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن دورىلارنى سېتىۋالماستىن، تەبىئىي دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن ياسالغان دورىلارنى مىجەزىمىزگە قاراپ ئىستېمال قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. يەنە كۈندىلىك تائاملىرىمىزنى ئىسسىق - سوغۇقلۇقىغا قاراپ تەڭشەپ ئىستېمال قىلىشىمىز، ئاندىن ئەھۋالغا قاراپ ئۆزىمىزگە دىياگنوز قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەڭ ياخشى دوختۇر يەنىلا ئۆزىڭىزدۇر.

ئىككىنچىدىن، ئالدىنى ئېلىشنى بالدۇر باشلاش كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ئاشقازىنى ئاغرىغاندا ئاشقازان كېسىلى بولۇپ

قالدىم، دەپ چېچى چۈشۈپ كەتكەندە، تاز بولۇپ قالدىم دەپ، داۋالىنىدۇ، دورا يەيدۇ. قاندىكى ماي مىقدارى ئېشىپ كېتىش خەتەرلىك كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، نەپسىنى يىغمايدۇ، قالايمىقان ئوزۇقلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەمرىپ كېتىشكە باشلايدۇ. بۇ بىلىپ تۇرۇپ كېسەل باشلاپ كېلىش بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئاشقازىنىمىز ئاغرىماستا ئاشقازاننى ئاسرىشىمىز، چېچىمىز چۈشمەستە چاچنى ئاسرىشىمىز، قاندا ماي پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئاۋۋال يېمەك ـ ئىچمەك ۋە باشقا ئىشلارغا دىققەت قىلىشىمىز، ئالدىنى ئالىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىشىمىز كېرەك. كېسەللىكتىن ساقلىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئالدىنى ئېلىشتۇر، شۇڭا ھەر ۋاقىت ساغلاملىققا كۆڭۈل بۆلۈپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرغاندا، كېسەل بولۇپ ئازابقا قالغاندا تارتقان ئىقتىسادىي زىيان، جىسمانىي زىياندىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئەكس تەسىرى يوق ئۈنۈملۈك دورىلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئادەم ئورگانىزمىنى ساغلاملاشتۇرغۇچى ۋاستە بولۇپ، ئۇ ئادەم بەدىنىگە قانچىكى بالدۇر ئۆزلەشسە، شۇنچىكى پايدىسى، ئۈنۈمى بار. بۇنداق پەرۋىشنى ئادەم ياشلىق دەۋرىدىلا باشلىشى، يەنى 35 يېشىدىن باشلاپ ئادەتلىنىشى كېرەك. ئىچكى ئەزالارغا قارىتا قۇۋۋەت قىلىش بىلەن تازىلاش، پەرۋىش قىلىش تەدبىرلىرىنى، تاشقى ئەزالارغا قارىتا مايلاش، تازىلاش، مۇھاپىزەت قىلىش، زەخىملىنىشتىن ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك. كېسەل بولغاندىن كېيىنكى مەبلەغ سېلىشنى كېسەل بولۇشتىن ئاۋۋال ئالدىنى ئېلىشقا مەبلەغ سېلىشقا ئۆزگەرتكەندە، پۇل، ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ قاتارلىقلارنى تېجەپ ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىلمىي بولغان ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك. ئاختۇرۇپ كەلسەك، ئەل ئارىسىدا نۇرغۇن ئاددىي ساۋات، بىلىم، تەجرىبە ۋە ئىلغار

ئۇسۇللار بار. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئەمەلىيەت جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، سىناقتىن ئۆتكەن، ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىپ زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا، نۆۋەتتە ناھايىتى نۇرغۇن تېببىي كىتاب ۋە ماتېرىياللار نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. ئۇلاردا نۇرغۇن بىلىم، نۇرغۇن تەجرىبە ۋە ئىلغار، قوللىنىشچان ئۇسۇل - چارىلەر تونۇشتۇرۇلغان. ئاشۇ كىتابلاردىن بىر قىسمىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى بىلىملەردىن پايدىلىنىش، تەتبىقلاش ئارقىلىق ئۆزىمىزگە دىياگنوز قويالايدىغان بولىمىز.

تۆتىنچىدىن، چېنىقىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. چېنىقىشنى بىر خىل تەن ساغلاملىق ھەرىكىتى، مەبلەغ كەتمەيدىغان كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى دەپ قاراش كېرەك. چېنىقىش ھەرىكىتىنى ھەرقانداق جايدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. چېنىقىشنىڭ نۇرغۇن ئاددىي ئۇسۇللىرى بار. مەسىلەن، پىيادە يول يۈرۈش، توپ ئويناش، يۈگۈرۈش، ئەمگەك قىلىش، ۋېلىسىپىت مىنىش قاتارلىقلار. مۇشۇ خىل ھەرىكەتلەرنىڭ بىر ياكى بىرقانچىسىنى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلسا، قان ئايلىنىشنى ياخشىلاپ، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى جانلاندۇرۇپ، مۇسكۇللارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كېسەلنىڭ ئاسانلا چىرماپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ بىر خىل ئەڭ ئاددىي ئۇسۇل بولۇپ، پەقەت ھۇرۇنلۇق، قاشاقلىق، ئىمجانلىق، روھىي چۈشكۈنلۈك بولمىسىلا قىلغىلى بولىدىغان، مەبلەغ-سالماي ساغلاملىققا ئىگە بولغىلى بولىدىغان ئۇسۇلدۇر.

**5. كىيىم - كېچەك ئىستېمالىغا مۇۋاپىق چەك قويۇش** كېرەك. كىيىم - كېچەك ئادەمنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى پەردازلاشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئادەمنى سالاپەتلىك قىلىش، خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش رولى بار. ئۇ چوقۇم مۇۋاپىق بولۇشى، زىيادە ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئادەتتە بىر ئائىلىدە تۆت نوپۇس بار دېسەك، بىر يىلدا ئاز

بولغاندىمۇ تۆت قۇردىن كىيىم ـ كېچەك كىيىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. چۈنكى، يازدا كىيگەننى قىشتا، قىشتا كىيگەننى كۈزدە كىيگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئاشۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئاسرىسا، پاكىز تۇتسا ئىككى ـ ئۈچ يىل، ھەتتا تۆت ـ بەش يىل كىيگىلى بولىدۇ. ئەمما، ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىش، بولۇپمۇ ئاياللاردا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئىللەتلىرى ئىنتايىن ئېغىر. بىر يىلدا بىر نەچچە قۇر كىيىم ـ كېچەك ئازلىق قىلىدىغان، بۇگۈن مودا بولسا، بۇگۈن ئالىدىغان، ئەتە مودىدىن قالسا ئەتىسىلا تاشلايدىغان يامان ئىللەت يامرىغانلىقتىن، ئائىلىلەردە كىيىم ـ كېچەككە كېتىدىغان خىراجەت ئومۇمىي خىراجەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ كېتىش ئەھۋالى مەۋجۇت. كىيىم ـ كېچەككە سەرپ قىلىنغان چىقىم ۋە ئىسراپچىلىق نۇرغۇن ئائىلىلەرنى بىر خىل سىبرىقتال ئۆتىدىغان، ئىش ھەققى ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا يەتمەيدىغان، ھەتتا قەرىزدار قىلىپ قويدى.

كىيىم ـ كېچەكنى كىيمەي بولمايدۇ. ئۇنى مۇۋاپىق كىيىش كېرەك. كىيىم ـ كېچەكنىڭ قىممەت باھالىقلىرىنى قارىغۇلارچە مودا قوغلىشىپ ئالماسلىق كېرەك. بۇ ئائىلىنى باياشات قىلىشتىكى، پۇل تېجەشتىكى مۇھىم بىر شەرت. بۇ جەھەتتە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ پىكرى بىردەك، قارىشى ئورتاق، چۈشەنچىسى ئىلمىي بولۇشى كېرەك.

**6. باردى ـ كەلدىنى مۇۋاپىق قىلىش كېرەك.** كىشىلىك تۇرمۇشتا كىم بولسۇن، باردى ـ كەلدى قىلىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنى ھاسىل قىلىدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىغا سىڭىشكە، كىشىلەر بىلەن بىللە ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، مەيلى كىم بولسۇن، بۇنداق تۇرمۇش ھالىتىدىن مەڭگۇ ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ، مۇشۇ جەرياندا، تەبىئىيكى كىشىلەر بىلەن ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق باردى ـ كەلدى، ئېلىم ـ بېرىم قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن

ئۇمۇ لايىقىدا بولۇشى كېرەك. بەزى ئائىلىلەردە ھە دېسە، ھەر ھەپتىدە بىر ياكى ھەر ئايدا ئىككى، ئۈچ قېتىم مېھمان چاقىرىش، ئارىلاپ، ئارىلاپ باشقىلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق باردى - كەلدى قارىماققا توغرا، نورمالدەك تۇرىدۇ. ئەمما بۇ خىل باردى - كەلدىنىڭ سېلىقى، قىلىدىغان قائىدە - تەرتىپلىرى بولىدۇ. نەتىجىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى سەرپ قىلىدىغان ئەمەلىي قىممىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۆيگە توختىماي مېھمان چاقىرسا، باشقىلارنىڭ مېھمان چاقىرىشلىرىغا توختىماي بارسا، ئىناۋەت، ئوبرازىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، شۇ ئادەمنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى ئىسراپ بولىدۇ، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى خورايدۇ. ئىش، ئەمگەكتىن قالىدۇ، بۇ شۇ ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى خىرىسقا دۇچار قىلىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ. بۇ خىل باردى - كەلدىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تاللاپ بېرىش، تاللاپ تەشكىللەش، تېجەشلىك ئائىلە بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**7. ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى مودا قوغلىشىپ سېتىۋالماسلىق كېرەك.** بەزىلەر يېڭىدىن بىر خىل ئائىلە ئېلېكتىر مەھسۇلاتى بازارغا سېلىنسىلا، ئۆيىدىكى ئۇنىڭغا ئوخشاش رول ئويناۋاتقان ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى تاشلاپ، يېڭىسىنى ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىشلىتىشتىكى ئۈنۈمى ياخشى ۋە بىرقەدەر قولاي بولسىمۇ، ئۇنى پۇل تېجەش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئائىلە ئىقتىسادىنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئوخشاش تىپتىكى، ئۈنۈمى ئالاھىدە بولمىغان ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى مودا قوغلىشىپ سېتىۋالماسلىق، چىقىمنى تېجەپ قېلىش كېرەك. ھەقىقەتەن زۆرۈر بولسا، شەرت - شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋالدا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىرىنى سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ.

**8. قاتناش ۋاستىلىرىنى زورۇقۇپ سېتىۋالماسلىق كېرەك.** ئاز - تولا پۇل تاپقان ۋە پۇل ئېشىنغان ئادەملەر ئالدىراپلا

ئاپتوموبىل قاتارلىقلارغا قىزىقىپ، زورۇقۇپ سېتىۋالىدۇ. ئاپتوموبىللارنىڭ چىقىمى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئائىلىنىڭ ئومۇمىي چىقىمىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان چىقىملارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ سېتىۋالغۇچىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مۇبادا تاسادىپىي قاتناش ھادىسىسى يۈز بەرسە، ئۇ چاغدا بىر ئائىلىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈشتىن باشقا، نۇرغۇن چىقىم پەيدا قىلىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇ خىل ئاپتوموبىللارنى زۆرۈر ئېھتىياجى بولمىسا سېتىۋالماسلىق، ھېسسىياتقا تايىنىپ قىزىپ كېتىپ بىھۇدە ئىسراپچىلىق قىلماسلىق كېرەك. جىددىي ئېھتىياجلىق بولغاندا، مۇلازىمەت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاپتوموبىللارنى ئىجارە ئېلىپ ياكى ھۆددە ئېلىپ ئىشلەتسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

**9. قارىسىغا مەبلەغ سېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.** ئائىلىدە مۇئەييەن مەبلەغ سېلىش ئىشلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە چوقۇم قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىشقا قىزىپ كەتمەي، ئالدىن پىلانلاپ، پايدا - زىيان، شەرت - شارائىت، خېيىم - خەتەر قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، ئاندىن مەبلەغ سېلىش كېرەك.

**10. باشقىلارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا چات كىرىۋالماسلىق كېرەك.** ھەرئادەم ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن بولۇشى كېرەك. ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنىلار ۋە باشقا تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا بولمايدۇ. ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ نەتىجىسى بىز ئويلىغاندەك چىقىشى ناتايىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئارىغا يېرىكچىلىك چۈشىدۇ - دە، ئاخىردا دۈشمەنلىشىش، بىر - بىرىگە زىيان سېلىش ئەھۋالى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ ئائىلە بىخەتەرلىكى، ئائىلە ئىقتىسادىي كاپالىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. بۇمۇ ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**11. باشقىلار بىلەن ئىناق، ئىجىل ئۆتۈش لازىم.** بىر ئائىلە ئەزالىرى ئىناق بولۇش ۋە باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشى كېرەك. بۇنداق بولمايدىكەن، جېدەل - ماجىراغا يولۇقسا، تېزلا خاپىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇ خاپىلىق ئاخىردا ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، باشقىلار بىلەن جېدەل قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ جېدەل - ماجىرالىرىغا مەمەدانلىق قىلىپ ئارىلىشىپ، زىددىيەت، يىرىكچىلىك سالماقلىق كېرەك. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە تالاش - تارتىش، زىددىيەت قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلگەندە، تىنچ، توغرا يول بىلەن ئىلمىي ھەل قىلىش، جېدەل - ماجىرا قىلماسلىق، قارشى تەرەپكىمۇ، ئۆزىگىمۇ بىھۇدە ئىقتىسادىي زىيان سالماسلىق كېرەك.

## ئاشلىقنى تېجەيلى

ھەشەمەتچىلىك، كۆز - كۆز قىلىش، شۆھرەتپەرەسلىك دېگەندەك بىرقاتار ناچار ئىللەتلەرنىڭ تەسىرىدىن مېھماندارچىلىقىمىز زىيادە ھەشەمەتلىك، ئىسراپچىلىق بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. قانچە قېتىملاپ تەشۋىقاتلاردا نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار تىلغا ئېلىنىپ تەنقىد قىلىنغان ۋە ئىسراپ قىلماسلىق تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىغا ۋە تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىۋېدى، كىشىلەر سەل سەگەكلەشتى. بىراق، ئۆگىنىپ قالغان خۇيدىن دەمال ۋاز كېچەلمەي قالدى. ئىدىيەسىدە، كۆڭلىدە تېجەش، مۇۋاپىق بولۇشنى خالىسىمۇ، ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتمىدى. يېقىندىن بۇيان سورۇنلاردا تېجەشلىك بولۇش تەشەببۇس قىلىندى. بىراق، كونكرېت ئەمەلىيلەشمىدى.

**1. ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالمايلى.** توق يۈرگەندە ئاچ قالغان ۋاقىتلارنى ۋە ئاچلىقنىڭ ئازابلىرىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويساق بولمايدۇ. داۋاملىق ھالدا ئاچ قېلىشتىن ئىبارەت خىرىسنىڭ دائىم مەۋجۇتلۇقىنى كۆز ئالدىمىزدىن كەتكۈزمەي، بىر خار بولغان نەرسىنىڭ يەنە ئەزىز بولىدىغانلىقىنى، ئەزىزلىگەندىلا، ئادەم ئۆزى قەدىرسىزلىك ۋە بىچارىلىككە گىرىپتار بولمايدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويساق بولمايدۇ.

**2. تېجەشنى ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز كېرەك.** مەيلى قانداق ئادەم بولسۇن، تېجەشنى ئۆزىدىن باشلىشى ھەمدە باشقىلارنى تېجەشكە پائال يېتەكلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتكەندە، ئۆزگىمۇ، قارشى تەرەپكىمۇ تەسىر كۆرسىتىپ، قولايلىق ياراتقىلى، قىلماقچى بولغان ئىشقا يول ئېچىپ، ئورتاق قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**3. چىن دىل بولۇش كېرەك.** تېجەش، ئاسراش، ئىسراپ قىلماسلىق تۇيغۇسى، ھەرىكىتى ھەقىقىي بولۇش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئەمەلىي ئىش قىلىپ باشقىلارغا ئۈلگە بولغىلى، باشقىلارنى قايىل قىلغىلى، نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**4. ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنىڭ ئىسراپچىلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك.** بۇ خىل ئادەت شۇ ئىشتا ئۇتۇق قازىنىشقا، جۈرئەتلىك بولۇشقا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. تېجەش، پائالىيىتىنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، ئاڭلىق ھەرىكەتكە قىبلىنەما قىلغىلى بولىدۇ.

**5. بىلىملىك، ساپالىق بولۇش كېرەك.** پايدىنى بىلەلەيدىغان، ھېسابات قىلىپ پەرقىنى ئايرىپ، ئۇتۇقنى نامايان قىلالايدىغان

بولۇش، سۆز ـ ھەرىكەتتە كىشىلەرنى قايىل قىلالايدىغان بولۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، يېڭىچە تەسىر قىلىش كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ قوللىشى، قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## پاكىزلىق ـ تېجەشنىڭ ئۇل تېشى

پاكىزلىق ـ ساغلاملىقنىڭ ئاساسى، ئادەمنىڭ سۆلەت، سۈپەت ۋە دەرىجىسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ئۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ سەل قاراشقا، يۈزە مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ.

بىر ئائىلىگە نىسبەتەن پاكىزلىق پۈتۈن ئائىلىنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ روھىي ھالىتى، ساغلاملىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. پاكىز ئائىلىدە ھەممە نەرسىلەر يېڭى، ساغلام، سۈپەتلىك، يارىشىملىق كۆرۈنىدۇ. ئۆزى كۆرسە تېنى يايرايدۇ، باشقىلار كۆرسە سۆيۈنۈپ ماختايدۇ. دېمەك، پاكىز ئائىلە ئادەمگە روھ، ئىلھام، پەخىرلىنىش، سۆيۈنۈش ئېستېتىك زوق، خۇشخۇيلۇق، مېھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بەزى ئۆيلەر شۇقەدەر ئاددىي بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بىر خىل يېقىشلىق كۆرۈنىدۇ. مانا بۇ شۇ ئائىلىنىڭ پاكىزلىقىنىڭ ئالامىتى، ئائىلە ھەرقانچە نامرات، ھەرقانچە مال ـ مۈلكى ئاز ۋە ئائىلە جابدۇقلىرى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، پاكىز، رەتلىك بولسىلا، ئۇ يەنىلا بىر خىل ئىللىق، ئازادە، راھەت تۇيغۇسى بېرەلەيدۇ. بىر ئائىلىنىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق ياكى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، مەينەت، تەرتىپسىز بولسا، ئۇنداق ئائىلە ئادەمگە بىر خىل سۆرۈن، قىستا ـ قىستاڭ، ئېلىشاڭغۇ كۆرۈنىدۇ. بىز ئائىلىدىكى تازىلىق، پاكىزلىق ئەنئەنىسىنى

تېجەش پائالىيىتىگە تەتبىقلىساقمۇ، ئۇنىڭ ئۇنۇمى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

ئائىلىنى پاكىز تۇتقاندا، ئائىلىدىكى ھەرخىل بۇيۇملار پاكىز تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشلەش، ئىشلىتىش ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ. چۈنكى، پاكىز تۇرغاچقا، ئۇپراش، ئۆڭۈش، كونىراش دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. يەنى ئائىلىگە قويۇلغان بۇيۇملار چاڭ - توزان، دات ۋە باشقا سۇنئىي ئامىللارنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن زىيانغا ئۇچراپ بالدۇر كېرەكتىن چىقىپ كەتمەيدۇ، ئۇزاق مۇددەت ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆي جاھازلىرى مودا بولغان بۈگۈنكى زاماندا، ئاشۇ ئۆي جاھازلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئاسراش زۆرۈر. ئاسراشنىڭ ئالدىنقى تەدبىرى پاكىز تۇتۇش بولۇپ، پاكىز تۇتۇلسا ئاسان كونىرىمايدۇ، ئۇزاق مۇددەت مودا ھالەتتە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. شۇ خىل بۇيۇملارنى ساتىدىغان چاغدىمۇ تېز، كۆپرەك پۇلغا ساتقىلى بولىدۇ. ئائىلىدىكى پاكىزلىق يۇرۇش - تۇرۇشتا پاكىز بولۇشقا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ مەسىلەن، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ پاكىز بولۇشى، چاچ - ساقالنىڭ پاكىز بولۇشى، قول - پۇت، يۈز - كۆز، پۈتۈن بەدەننىڭ پاكىز بولۇشى ئادەمگە سۈپەت - سالاپەت بەرگەندىن باشقا، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئابرۇي، ئوبرازىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم بىر يىلدا ئۈچ قۇر كىيىم - كېچەك كىيىدى دېسەك، ئۇنى پاكىز تۇتقاندا، ئىككى ياكى ئۈچ يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىت كىيگىلى بولىدۇ، پەقەت بولمىغاندا ئۈچ يىل كىيدى دېسەك، ئىككى يىل ۋاقىت تېجىلىدۇ. ئادەتتە بىر قۇر كىيىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 يۈەن، ئۈچ قۇرى 900 يۈەن دېسەك، ئاشۇ خىل كىيىملەرنىڭ پاكىزلىقى سەۋەبلىك ئىككى يىل ئارتۇق كىيسە، ئۇ ھالدا 1800 يۈەن تېجەپ قالغان بولىدۇ.

ئۆي جاھازلىرىنى بەش يىلدا كونىراپ كەتتى دېسەك، ئۇنى ئۇزاق مەزگىل پاكىز تۇتقاندا، 10 يىل ئىشلەتكىلى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا يەنە بىر قارار ئارتۇق ئىشلىتىش

ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى دېگەن گەپ. بىر يۇرۇش ئائىلە جاھازىسى ئادەتتە 8 ــ 10 مىڭ يۈەن بولىدۇ. پاكىز تۇتۇش ئارقىلىق بىر مەزگىل ئارتۇق ئىشلەتسە، ئۇ چاغدا ئوخشاشلا 8 ~ 10 مىڭ يۈەننى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ. بىر ئائىلىگە نىسبەتەن مۇشۇ بىر قاتار ئىشلارلا كۆپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، ئائىلىدە پاكىزلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار مەۋجۇت. بۇ ئىشلاردا پاكىزلىق بولسا ئېنىقكى، ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىش پۇرسىتى يارىلىپ، ئائىلىنىڭ غايەت زور چىقىمى تېجىلىپ، ئائىلىنىڭ بايلىقى، مال ـ مۈلۈكى كۆپىيىدۇ.

پاكىزلىقنىڭ خاسىيىتى بەك كۆپ، ئازراق مەبلەغ، ۋاقىت، كۈچ سەرپ قىلساق، ئۇنىڭغا ئادەتلەنسەك، ئاندىن شۇنداق بىر خىل ئىستەك بولسا، ئۇنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

دېمەك، پاكىزلىق پۇتكۈل تېجەش پائالىيىتىنىڭ گۈل يۈزلۈك سۇباتى، ئۇنى يار تۇتۇڭ، ئۇ سىزگە گۈزەللىك، بەخت ئاتا قىلىدۇ.

## ئائىلىدىكى تېجەشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇللىرى

كۆپ ھاللاردا ئائىلىدە نۇرغۇن ئىشلارغا سەل قاراش خاھىشى مەۋجۇت. بۇ نۇرغۇن ئىشلارنىڭ يۇرۇشمەسلىكى، سۆرۈلۈپ، تاشلىنىپ كاردىن چىقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مانا بۇ ئائىلىدىكى تېجەش ئىشلىرىنى نەتىجىسىز قىلىپ قويىدۇ، بەزىدە ئايرىم نەرسىلەرنى قايتا ئىشلىتىش، ئاسراش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسىمۇ، ئۇنى قايتا ئىشلىتىشتىكى، ئاسراشتىكى ئاددىي تەرتىپ ـ ئۇسۇللارنى بىلمەي قالىمىز. ئەگەر ئۇنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرىنى بىلىۋالساق، بىز ئۇنىڭدىن قايتا پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيمىز. ئائىلىدىكى، تۇرمۇشتىكى ئاشۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنىش بىلىملىرى، تەرتىپ، ئۇسۇللىرى بەكمۇ

ئاددىي ۋە ئۈنۈملۈك، ئۇنى ئۆزىمىز سىناق قىلغاندىن باشقا، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قوبۇل قىلىشىمىزغا، تۇرمۇشقا ئائىت كىتابلاردىن ئۆزلەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە بىرقانچە مۇھىم ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمىز.

**قازان تېشىلىپ كەتسە:** بىرىنچى خىل ئۇسۇل: ئالدى بىلەن ئازراق ئاليۇمىن پارچىسى تاپىمىز، ئاندىن ئۇنى تۆمۈردىن ياسالغان چۆمۈچكە سېلىپ، ئوتقا قويۇپ، ئاليۇمىن پارچىسىنى ئېرىتىمىز. يەرگە ئازراق ئوتۇن كۈلى يېيىپ، ئېرىگەن ئاليۇمىننى تۆكۈپ تەكشىلەپ، تېشىلگەن قازاننىڭ تۆشۈكىنى ئاليۇمىن ئېرىتمىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تۆشۈكتىن چىققان ئاليۇمىننى قازاننىڭ ئىچكى يۈزى بىلەن ئوخشاش قىلىپ لاتا بىلەن تەكشىلەپ قويسىڭىز قازان تۆشۈكى ئېتىلىدۇ، ئاليۇمىن قېتىپ تۆشۈك ئېتىلگەندىن كېيىن، قۇم قەغەز بىلەن ئالدى - ئارقىسىنى تەكشىلەپ قويسىڭىز بولىدۇ؛ ئىككىنچى خىل ئۇسۇل: چىنە سۇنۇقى، ساپال قاچا، كوزا، تەشتەك سۇنۇقلىرىنى ئېزىپ، تالقان قىلىپ، تۇخۇم ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرىسىز، ئۇنى قازاننىڭ تېشىلگەن جايىغا چاپىسىز، تۆشۈك بىرقەدەر چوڭ بولسا، چىنە سۇنۇقى ياكى ساپال سۇنۇقىدىن بىر پارچىسىنى تۆشۈك ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ئاندىن تۇخۇم ئېقى ئارىلاشمىسىنى چېپىپ، سالقىن جايدا قۇرۇتسىڭىز، قازاننى قايتا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**فارفور قاچىلار چېقىلغاندا:** بىرىنچى خىل ئۇسۇل: بىر قوشۇق زەمچىنى بىر قوشۇق سۇغا چىلاپ ئېرىتىپ قىزدۇرۇش كېرەك. چېقىلغان فارفور قاچىنى پاكىز تازىلاپ قۇرۇتۇپ، قىزدۇرۇلغان زەمچە ئېرىتمىسىنى چېقىلغان جايغا سۈرتۈپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يەنە بىر پارچە چاقچۇق پارچىسىنى چاپلاپ قويسا، سۇنغان فارفور بۇيۇم ياكى چىنە - چەينەك ئەسلىگە كېلىدۇ؛ ئىككىنچى خىل ئۇسۇل: گىپس توپىسىنى يېڭى تۇخۇم ئېقىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇماچ قىلغاندىن كېيىن چېقىلغان فارفور

بۇيۇمنىڭ يېرىقىغا كىرگۈزۈپ، يەملەپ قويسا، بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ھېلىقى جاي ناھايىتى چىڭ تۇتىدۇ.

**كۆزئەينەك تۇمانلاشقاندا:** ئازراق نەملىكى بار، قۇرۇققا مايىل كىر سوپۇن پاراشوكىنى كۆزئەينەكنىڭ ھەر ئىككى كۆزىگە سۈركەپ، ئارقىدىنلا قۇرۇق ھالەتتە تەكشى سۈرتۈپ تازىلاپ چىقىرىۋەتسىلا، تۇمان بولمايدۇ.

**داس تېشىلىپ قالسا:** چىش پاستىسىنىڭ قېپىنىڭ بويىنىدىكى ئالىيۇمىن پىچەتنى كېسىۋېلىپ، ئۇنى يۆگەپ، داسنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ، ئاستىغا قاتتىق نەرسە قويۇپ، ئۈستىدىن بولقا بىلەن ئۇرۇپ ياپىلاقلىسا، تۆشۈك ئېتىلىپ قالىدۇ.

**ۋېلىسىپىتنىڭ كامېرى، رېزىنكە ئاياغلار يىرتىلىپ كەتكەندە:** كونا رېزىنكە بۇيۇملارنى قىرىق ھەسسە بېنزىنگە چىلاپ ھاۋا ئۆتمەيدىغان ساپال كورىغا سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، بىر ھەپتە قويۇپ قويسا يېلىم سۇيۇقلۇقى ھاسىل بولىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇق بىلەن رېزىنكە بۇيۇملارنىڭ تېشىلگەن، يىرتىلغان جايلىرىنى يەملىگىلى بولىدۇ.

**ئاق تامغا رەسىم چاپلىغاندا:** تامغا رەسىمنى چىش پاستىسى بىلەن چاپلىسىڭىز ھەم چىڭ، ھەم كۆركەم بولىدۇ.

**نۇسخا ئېلىش ئۇسۇلى:** سىزدە نۇسخىئالغۇ بولمىسا، نۇسخىسىنى كۆپەيتىدىغان گېزىت، گۈل نۇسخىلىرىنى كۆپەيتىشتە، ئاق قەغەزنىڭ يۈزىگە شامنى تەكشى سۈركەپ، نۇسخا ئالىدىغان بۇيۇمنى شام سۈركەلگەن قەغەز يۈزىگە چاپلاپ، ئۈستىدىن ياپىلاق بۇيۇم بىلەن تەكشى سۈركەيمىز. شام سۈركەلگەن قەغەزگە نۇسخا تەتۈر چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە ئاق قەغەزنى چاپلاپ، شام يوق تەرىپىدىن يۇقىرىقىدەك ياپىلاق بۇيۇم بىلەن سۈركەپ بەرسىڭىز ئوڭ چىقىدۇ.

**سولياۋ داس، چېلەكلەر يېرىلسا:** ئالدى بىلەن چاك ئورنى پاكىز تازىلىنىدۇ، ئاندىن مەلۇم مېتال، يەنى پىچاققا ئوخشاش

نەرسىنى ئوتتا قىزدۇرۇپ قىزارتىپ، چاك ئەتراپىغا سۈركەپ، يېرىلغان چاك بىر - بىرسىگە چاپلاشقانغا قەدەر سۈركەش كېرەك.

**ياغاچ بۇيۇملاردىكى سىرنى چىقىرىش:** ئىشلىتىپ بولغان تەسۋىر روشەنلەشتۈرگۈچى دورا (شيەنپىڭ)نى سىر بار يەرگە سۈركىسىلا بولىدۇ.

**گىلەمنىڭ بېسىلىپ كەتكەن جايىنى ئوڭلاش:** ئىسسىق سۇغا چىلانغان لۆڭگىنى سىقىۋېتىپ، گىلەمنىڭ بېسىلىپ ئىز قالغان جايىغا يەتتە - سەككىز مىنۇت بېسىپ قويۇش كېرەك. لۆڭگىنى ئېلىۋېتىپ ھەم شامالدۇرغۇچى بىلەن سوۋۇتۇش، ھەم چوتكىلاپ بېرىش كېرەك.

**فارفور قاچىلارنى يەملەش:** 100 گىرام كالا سۈتىگە 30 گىرام ئاچچىقسۇنى ئاز - ئازدىن ئارىلاشتۇرۇپ، بىر دانە تۇخۇم ئېقىغا سۇ قوشۇپ، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە ئازراق يۇمشاق ھاك سېلىپ ئۇماچ ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك. بۇنى سۇنغان چاقچۇقلارنى چاپلاشقا ئىشلەتسە بولىدۇ. يەملىگەندە شوينا بىلەن تېڭىپ قويۇش، قۇرۇغاندىن كېيىن ئوتقا ئازراق قاقلاش كېرەك.

**ئەينەك كېسىش:** بىر تال چىنە پارچىسىنىڭ ئۇچلۇق يېرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئەينەك ئۈستىگە كۈچ بىلەن سىزسا ئىز چىقىدۇ، ئۇ ئىزغا ئاساسەن ئەينەكنى پارچىلىسا بولىدۇ.

**بىرىتۋا گاللىشىپ قالسا:** بىرىنچى خىل ئۇسۇل: تىغنى قايناق سۇغا، يەنى 60 گىرادۇستىن يۇقىرى سۇغا سېلىپ ساقال ئالسا، يېڭى ۋاقتىدىكىدەك ئۆتكۈرلىشىدۇ؛ ئىككىنچى خىل ئۇسۇل: ئەينەك ئىستاكانغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ بىلەن مۇز سېلىپ، تىغنى بىرئاز سېلىپ قويۇپ، ئاندىن ئەينەك ئىستاكاننىڭ يېنىغا بارماق بىلەن بېسىپ تۇرۇپ سۈركىسە، تىغ ئۆتكۈرلىشىدۇ. 10 ~ 15 قېتىمغىچە ئىشلەتسىمۇ يېڭى ھالەتتە ئىشلەيدۇ.

**ماي قەلەمدىن سىياھ چىقمىسا:** قەلەمنى تىك تۇتۇپ، ئەينەككە ۋە خەت يېزىۋاتقان قەغەزگە بىر نەچچە قېتىم خەت يازسا بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن سىياھ بولسىمۇ خەت چىقمىسا، ئوتقا قاقلىسا سىياھ ئېرىپ، قەلەم راۋان چىقىدىغان بولىدۇ.

**ھەرخىل تۇرۇبا يولى توسۇلۇپ قالسا:** دىيامېتىرى 100 مىللىمېتىر كېلىدىغان بىر مېتىر ئەتراپىدىكى شىلانكىنى توسۇلۇپ قالغان جايغا كىرگۈزۈپ، بىرقانچە قېتىم پۈۋلىۋەتسىلا تۇرۇبا يولى ئېچىلىدۇ.

**رەختلەر دەزمالدا كۆيۈپ قالسا:** مۇۋاپىق مىقداردا سودا پاراشوكىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچ قىلىپ، يىپەك رەختلەردىكى دەزمالدا كۆيگەن جايغا سۈرتۈپ، قۇرۇغاندىن كېيىن قېقىۋەتسە بولىدۇ.

**تاماق تۇزلۇق بولۇپ قالسا:** پاكىز رەختكە ئازراق گۈرۈچنى ئوراپ ئاش سۈيىگە سېلىپ، ئازراق قايناتسىلا، ئاشنىڭ تۇزى تەڭشىلىدۇ.

**دەزمال بولمىغاندا:** ئاستى تەكشى كۇرۇشكا ۋە ئاستى تەكشى قۇتىغا قايناق سۇ ئېلىپ، كىيىمنى دەزماللىسا ئالاھىدە سۈپەتلىك بولىدۇ.

**كىيىم ساقلاش:** ئالدى بىلەن تازىلاپ دەزماللاش، ئاندىن ساقلايدىغان جايغا قويۇش، ئايدا بىر قېتىم ئاپتاپقا سېلىپ، تازىلاش، دەزماللاش كېرەك.

**سولىياۋ تۇڭ ياغلىشىپ قالسا:** توغرىغىنى ئېرىتىپ، تۇڭ ئىچىگە تۆكۈپ، ئازراق تۇز قوشۇپ ئىسسىق تۇز سۈيى بىلەن چايقىۋەتسە بولىدۇ.

**ياغ بوتۇلكىسىنى تازىلاش:** گۈرۈچ يۇغان سۇنى ياغ بوتۇلكىسىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك قۇيۇپ چالغىتسا بولىدۇ، ياغ دېغى كۆپ بولسا، يېرىم چاڭگال گۈرۈچ سېلىپ چالغىتسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئازراق ھاكنى بوتۇلكىغا

سېلىپ چايقىسىمۇ بولىدۇ.

**ئېچىغان پۇراق بولسا:** ئىشكاپ، كىيىم ساندۇقى قاتارلىقلاردا ئېچىغان، سېسىغان ۋە چىرىگەن پۇراق سېزىلسە، بىر دانە يۇز سوپۇننى تاشلاپ قويسىلا بولىدۇ.

**سۈت بۇزۇلمىسۇن دېسىڭىز:** ئازراق تۇز سېلىپ قويۇڭ ياكى شېكەر قوشۇپ قايناتىڭ.

بۇلاردىن باشقا، ئىزدەنسە، تۇرمۇشتا ناھايىتى ئىلمىي، ئەپچىل چارىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېجەش، ئىسراپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

# بايلىق ئۇرۇقى ـ پۇل تېجەش

## ئەجەبا، پادىشاھمۇ پۇل تېجىشى كېرەكمۇ؟

بۇ ماۋزۇ بىزدە نۇرغۇن سوئالنى تۇغدۇرۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تۇيغۇسىدا ناھايىتى نۇرغۇن ئويلارنى، جاۋابلارنى ھازىرلىشىمۇ مۇمكىن. سىز قانداق جاۋاب بېرىشنى ياقتۇرىسىز؟ كەسكىن جاۋاب بېرىشنى مۇناسىپ كۆرەمسىز ياكى ئەگىتىپ جاۋاب بېرىشنى خالامسىز؟ بۇلار سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا. ئەمما، مېنىڭ جاۋابىم كەسكىن. يەنى پادىشاھمۇ پۇل تېجىشى كېرەك. چۈنكى، پۇل تېجىيەلەيدىغان ئادەم پادىشاھ بولالايدۇ، پۇل تېجەشنى بىلگەن ئادەم ئۆزىگە غوجا، جەمئىيەتكە غوجا بولالايدىغان پادىشاھ بولالايدۇ، پۇل تېجىيەلىگەن پادىشاھ مەڭگۈ قۇدرەتلىك پادىشاھ بولالايدۇ.

تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغلار، پادىشاھلار، سەردارلارغا نەزەر سالساقمۇ، ئۆزىنى، ھاكىمىيەتنى ۋە دۆلەتنى قۇدرەتلىك قىلالىغان كۈچ ـ ئۇلاردىكى بايلىق، شۇنداقلا ناھايىتى ئېدىتلىق، تېجەشلىك بىلەن باشقۇرۇلغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ. قايسىبىر ھاكىمىيەت تېجەشلىك ئىش قىلالمايدىكەن، تېجەشنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم مەنبەسى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلمايدىكەن، زاۋالىقا يۈزلىنىدۇ. قەدىمدىكى زاۋال تاپقان، مۇنقەرز بولغانلارنىڭ ھەممىسى چىرىكلىك، ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلىنى كولاش، ھاكىمىيەتنىڭ مەبلىغىنى بۇزۇپ چېچىش، ھاكىمىيەت ئۇچۇن

بايلىق توپلاشقا سەل قاراپ، ئىسراپچىلىق بىلەن خورىتىشلاردىن بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مانا مۇشۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن، ئەمەلىي مىساللارنى ئالغاندا، دۆلەت ئاتىسى، ھاكىمىيەت ئاتىسى بولغان پادىشاھمۇ پۇل تېجىشى، ئاددىي پۇقرالاردىنمۇ بەكرەك ئىقتىسادچىل بولۇش كېرەك.

«شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»نىڭ 2008 - يىلى 9- ئاينىڭ 19 - كۈندىكى سانىنىڭ 3 - بېتىدە «ئايال پادىشاھمۇ بېخىل» دېگەن ماقالە ئېلان قىلىندى. ماقالىدە ئەنگلىيە ئايال پادىشاھمۇ تېجەشلىك بولۇشقا، ئەنگلىيە خان ئوردىسىمۇ كەمىرىنى چىڭىتىشقا باشلىدى، دېيىلگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ۋە ئەنگلىيە خان ئوردىسى مەڭگۈلۈك بايلىق ۋە پاراۋانلىققا تولۇپ تۇرىدىغان يۈكسەك ھوقۇق ۋە ئىمتىيازغا ئىگە. دۆلەت ۋەيران بولغان، ھاكىمىيەت گۇمران بولغان ئىقتىساد خاراب بولغاندىمۇ يەنىلا يۇقىرى تەمىنات ۋە بايلىقتىن بەھرە ئېلىش ئىمتىيازىنى يۈرگۈزەلەيدۇ. ئەمما، ئۇلار بۇگۈنكى كۈنگىچە مۇنداق بىرقانچە ئىشنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۆي ۋە ئوردىدا 40 ۋاتلىقتىن يۇقىرى لامپۇچكا ئىشلەتمىگەن؛ ئۆيدىن چىققاندا چوقۇم ئۆيدىكى بارلىق چىراغلارنى ئۆچۈرگەن، قايتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قەغەز، يىپ - يىڭنە، خالتا - كونۋېرتلارنى تاشلىۋەتمىگەن، بۇزۇلۇپ قالاي دېگەن مېۋە - چېۋىلەرنى دەرھال ئىستېمال قىلىۋەتكەن؛ ئايال پادىشاھ ئەزەلدىنلا تېجەشلىك بولۇپ، بۇ جەھەتتە ناھايىتى نۇرغۇن تەسىرلىك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا «بېخىل» دەپ نام ئالغان ۋە شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئوردا تىككۈچىلىرىگە كىيىم تىككەندە كېڭەيتىش ياكى تارايتىشقا قولايلىق ئىمكانىيەت قالدۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ ئۇتۇق قازانغان: بىر قېتىم ئوغلى چارلىز ئېتىنىڭ تانىسىنى يوقىتىپ قويغاندا ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ، ئىسراپچىلىق قىلغىنىنى تەنقىد قىلغان. 58 ياشلىق ئانني مەلىكىمۇ ئىسراپخورلۇققا

قارشى بولۇپ، بىر قېتىملىق توي مۇراسىمىغا قاتناشقاندا، بۇنىڭدىن 27 يىل ئىلگىرى چارلىزنىڭ تويىدا كىيگەن مۇراسىم كىيىمىنى كىيگەن.

ئۇ پادىشاھ، ھالبۇكى، خالىغانچە كىيسە، ئىچسە ۋە پۇل، ئالتۇن - كۇمۇشنى خەجلىسە بولىدۇ. بىراق، ئۇ ئاشۇ خىل ئىمتىياز، ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ئۈچۈن ئەمەس، بىر دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى ئەۋزەل كۆرگەن.

كونىلاردا: «سۆز باشتىن سۆزۈك بولسا، ئايىغىدىمۇ سۆزۈك بولىدۇ، باشتا لاي بولسا، ئايىغىدىمۇ لاي بولىدۇ» دەيدىغان ھېكمەتلىك تەمسىل بار. ئەلۋەتتە، پادىشاھى دىيانەتلىك بولغان ئەلنىڭ خەلقىمۇ دىيانەتلىك بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا، ھەممە ئارتۇقچىلىق، خىسلەت، پەزىلەتلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەككى، پادىشاھ تېجەشلىك بولسا، ئۇنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ئەل - ئاۋاممۇ تېجەشلىك بولىدۇ.

تېجەشلىك بولۇش بىر ئادەمنىڭ، بىر رايوننىڭ ۋە بىر دۆلەتنىڭ، بىر ھاكىمىيەتنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئۇلىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى. تېجەشلىك ئەل روناق تاپىدۇ، تېجەشلىك ئەر كامالەتكە يېتەلەيدۇ. دانا پادىشاھ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى بۇلاش - تالاشتىن ئەمەس، ھەممە جەھەتتە تېجەشتىن ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

## بايلار پۇلنى تېجەپ تاپقان

دادام داڭلىق ئادەم بولمىسىمۇ، پۇلى بار ئادەم ئىدى، دادام پادىشاھ، ئەمەلدار بولمىسىمۇ يۇرتتا يۈز - ئابرۇيى بار، مەغرۇر ياشايدىغان، مەردلىكنى ئەلا بىلىدىغان، ساخاۋەتنى مۇھىم بىلىدىغان، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا جان پىدا قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى.

بىرى، تىرىشىپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەيتتى، يەنى ئۆزىنىڭ كەسپىنى جىنىدىن ئەزىز كۆرۈپ قەدىرلەپ تىرىشىپ ئىشلەيتتى. يەنە بىر ئارتۇقچىلىقى ناھايىتى تېجەشلىك ئىدى. ئۇ مۆرىتى كەلسە پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي خەجلەيتتى، ئەمما ناھايىتى پىلانلىق، ئېدىتلىق سەرپ قىلىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چارە ـ ئامال ئويلاپ، نۇرغۇن ئىشلارنى لايىقىدا مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، كۆپ پۇل سەرپ بولىدىغان ئىشنى ئاز پۇل بىلەن، ئاز پۇل كېتىدىغان ئىشنى پۇلسىز ھەل قىلاتتى. مەيلى باللارغا بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرگە بولسۇن، تېجەشلىك، ئاددىي ـ ساددا بولۇشنى تەۋسىيە قىلاتتى. كەيپ ـ ساپا، ئىسراپخورلۇقنى قاتتىق يامان كۆرۈپ توسۇيتتى.

بىر قېتىم مەن دادامنىڭ پۇلنى چىڭ تۇتۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىسام ئۇ، چوڭ داداممۇ شۇنداق ئىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن، تېجەشلىك بولۇش بەختلىك بولۇش دېگەنلىكتۇر، دېگەنىدى. بىر قېتىم بىر ئادەم دادامدىن باي ـ باياشات ياشاشتىكى سىرىنى دەپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەندە، دادام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

ـ ئۇنىڭدا ھېچقانداق سىر يوق. پەقەت قولۇڭغا كەلگەننى مەھكەم تۇتساڭ، كىشىلەر بىلەن ئەپ ـ ئىناق ئۆتسەڭ ھەم ئۇلارغا نەپ يەتكۈزسەڭ، ئاتا ـ ئاناڭنى، ئەل ـ جامائەتنى رازى قىلساڭ، مەڭگۈلۈك بايلىق يارىتالايسەن. سىر مانا مۇشۇ يەردە. قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇرسەتنى تۇتۇش، قولۇڭغا كەلگەننى تۇتۇش ئۈچۈن تېجەش كېرەك بولىدۇ، تېجەشلىك بولساڭلا، بەخت تاپالايسەن، باياشات ياشىيالايسەن...

تېجەشلىك ئائىلىنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقى، باللار ۋە باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان ياخشى تەسىرى بولىدۇ. دۇنيادىكى داڭلىق بايلارنى تىلغا ئالىدىغان بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىقتىسادتچىل بولۇپ، پۇل تېجەش ئارقىلىق

بايلىققا ئاساس سالغان. دۇنياۋى شۆھرىتىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى پۇل تېجەشتىن باشلىغان.

زامانىمىزدىكى كاتتا باي بىل گايتىس ئۆزىنىڭ مىكروسوفىت شىركىتىنى قۇرۇشتىن ئاۋۋال ناھايىتى تېجەشلىك ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۇل خەجلىگەن. ئۇ پۇل تېجەشنىڭ، ئىقتىسادچىل بولۇشنىڭ خاسىيىتىنى تونۇپ يەتكەن ھەمدە ئىنسانلارغا تېجەش تېپىدىكى ئىجادىيەت مېۋىلىرىنى تەقدىم قىلغان. ھازىر ئۇنىڭ پۇلى دۇنيادىكى سەككىز دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى بىلەن تەڭ بولسىمۇ، ئۇ ھېلىھەممۇ تېجەشنى ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ ئاساسى دەپ قارىغان. ھەتتا ئوغلىغا يازغان خېتىدىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چەك - چېگرانى ئايرىپ، تېجەشلىك بولۇشتىكى تەدبىر، شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

قەدىمكى بابىلۇندا نۇرغۇن بايلار بارلىققا كەلگەن، بايلار ھەققىدىكى پۇتۇكلەردە ئەڭ باي ئادەم ئاكاد دەپ يېزىلغان. ئاكادنىڭ پۇللۇق ئادەم بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئاكاد پۇللۇق، باي ئادەم بولۇشنى ئۇزاق زامانلارغىچە ئارزۇ قىلغان. ئۇ شۇ چاغدىكى پۇلدار كىشى ئوگىنىسنىڭ سىرىنى بىلمەكچى بولغان. ئاكاد ئەسلىدە ئويمىچى بولۇپ، ئۇزاق مەزگىل شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان. بىر قېتىم ئوگىنىس ئۇنىڭ ئالدىغا قانۇن ماددىلىرى چۈشۈرۈلگەن پىششىق كېسەكتىن بىرنى ئويۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىپ خەت يازغان. بۇ چاغدا ئاكاد: مەن كېچىلەپ ياساپ بېرىمەن، شەرتىم ماڭا باي بولۇشنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىسەن دەپتۇ. ئاكاد ئىشنى دېگەن قەرەلىدە تاماملاپتۇ. ئوگىنىس ئۇنىڭغا: بېيىشنىڭ سىرى شۇكى، سەن تاپقان پۇلۇڭنىڭ بىر قىسمىنى ساقلاپ قويۇشۇڭ كېرەك، مەيلى سەن قانداق جاپا چەك، ئازاب تارت چوقۇم تاپقان پۇلۇڭنىڭ ئوندىن بىرىنى تېجەپ يىغىپ قويساڭلا، بايلىق ئىلاھىغا ئىگە بولالايسەن، دەپتۇ. ئاكاد شۇنىڭدىن كېيىن

ھوشىنى تېپىپ، قولىدىكى ھۈنەردىن پايدىلىنىپ، ھەر كۈنى بىر دانە ساپال بۇيۇمنى ئارتۇق ياساپ، ئۇنى ئايرىم ساقلاپ قويغان. بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ يىغقان ساپال بۇيۇمى 365 پارچىغا يەتكەن. بۇيۇملار بىر ـ بىرىدىن ئېسىل، نەپىس بولغان. ئۇ بۇ بۇيۇملارنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىپ ھەم كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان، ھەم نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاشۇ ئادەتنى ئۇزاق يىل داۋام قىلغان ۋە بابىلۇندىكى چوڭ بايغا، نۇرغۇن ئادەم ھەۋەس قىلىدىغان داڭلىق شەخسكە ئايلانغان.

بىزدىمۇ چوڭ بايلار، كارخانىچىلار بار. نۇرغۇنلىرى «بېخىل»، «پىخسىق» دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى، ئۇلار راستتىنلا شۇنداقمۇ؟ ئۇ ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئىزدىنىپ، تەكشۈرۈپ ئاندىن جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدىغان بىر تېما. ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق مۇتەپەككۇرىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن تولىمۇ تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولۇپ، بىر پۇڭلۇق تەڭگە پۇلغىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان. شۇ زاماندا نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭ ئاشۇ خىل ئەستايىدىل، ئىقتىسادچىل، ئاددىي ـ ساددىلىقىنى چۈشەنمىگەن، بەلكى شۇ ۋەجىدىن ئۇنى كەمسىتكەن.

بۇ يەردە بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، ئادەم ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىگە بارغاندا، ھەرقايسى جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىدۇ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدا ئادەمدە مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل قاراش بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ نۇرغۇن جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇنى تۈزىتىپ، ھادىسىلەرگە، نەرسىلەرگە قايتىدىن باھا بېرىدۇ، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدۇ. مۇشۇ چاغدا ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە پوزىتسىيە ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە، تېجەشكە بولغان چۈشەنچىسىمۇ قايتىدىن يۇقىرى باسقۇچقا چىقىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار شۇ چاغدا بۇ ئىشتا تولىمۇ كېچىكىپ

كەتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئارقىسىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ تالاي - تالاي ئىشلاردا بىھۇدە ئىسراپچىلىق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئالدىغا قاراپ، بۇ جەھەتتە يەنىلا نۇرغۇن پۇرسەتنىڭ بارلىقىنى، ئەمدى باشلىسىمۇ بولىدىغان ئىمكانىيەتلەرنىڭ تېخى كۆپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

مەيلى بىز ۋاقىتنى، پۇرسەتنى، پۇل، مالنى تېجەيلى، قانچە بالدۇر باشلىساق، پايدىسى شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ. مۇبادا ھېس قىلغان، تونۇغان، چۈشەنگەن كۈندىن باشلاپ تېجىسەكمۇ كېچىكمەيمىز، پائال ھەرىكەت قىلساقلا ھېسابسىز بايلىقنى تېجەپ، يىغىپ پايدا يارىتالايدىغان بولىمىز.

بايلار پۇل تاپالىغانلىقى ئۈچۈن باي بولۇشى ناتايىن. بىزدىكى كۆپ سانلىق بايلار تېجەش ئارقىلىق پۇل تاپىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە دۇكان - دۇكانلاردا تىجارەتچىلەرنىڭ كۈنبويى چەينەك - چەينەككە چاي دەملەپ قويۇپ، توختۇنىڭ كۆزىدەك پىيالىلەردە چاي ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. يەنە بىرسى، زەرگەرلەرنىڭ دۇكىنىغا بارساق ئالتۇن زىبۇ - زىننەتلەرنى ياساش، ئوڭشاش جەريانىدا ئالتۇن ئۇۋاقلىرىنى قۇمغا چۈشۈرۈپ، ئاشۇ قۇمدىن زەررىچىدىنىمۇ كىچىك، ھەتتا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئالتۇن ئۇۋاقلىرىنى قۇمنى پۈۋلەپ ئايرىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇلار بايلىقنى تېجەش، قەدىرلەش ئارقىلىق ياراتقان. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزاق يىل داۋاملاشتۇرغان ئادىتى ۋە پۇل تېپىش، باي بولۇشتىكى بىر خىل ساغلام، راۋان يولى. ئۇنداقلار كۈنبويى دۇكاندىن ئايرىلمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ خېرىدارلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىقتىكى ئادىتى. ئۇلار ئاشۇ خىل يول بىلەن خېلى كۆپ پۇل تېجەپ قالىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم كۈنىگە بىر ۋاق تاماقنى چاي بىلەن نان بىلەن ھەل قىلسا، ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئۈچ يۈەن تېجەپ قالىدۇ.

(يۈەن) 2.00 = (بىر چەينەك چاي) 1 + (نان) 1.00

(يۈەن) 5.00 = 1 × (يۈەن) 5.00

5.00 − 2.00 = 3.00 (يۈەن)

1 (ئاي) × 30 (كۈن) × 3.00 (يۈەن) = 90.00 (يۈەن)

1 (يىل) × 12 (ئاي) × 90.00 (يۈەن) = 1080 (يۈەن)

365 (كۈن) × 3.00 (يۈەن) = 1095 (يۈەن)

10 (يىل) × 1095.00 (يۈەن) = 10950.00 (يۈەن)

60 (يىل) × 1095.00 (يۈەن) = 65700.00 (يۈەن)

بىز بۇلاردىن باشقا ۋاقىت، كىرا، شۇنىڭدەك تاسادىپىي پەيدا بولغان چىقىملارنى ھېسابلىساق، ئۇ ھالدا يەنە بىر نەچچە يۈز يۈەن ئارتۇق چىقىم بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەشقەردىكى چاي دەملەپ ئولتۇرۇپ، قورۇق نان يەيدىغان ئاشۇ دۇكاندارلار ئەنە شۇنداق قىلىپ پۇلنىمۇ تاپىدۇ ۋە زاپاس پۇل مىقدارىنى ئاشۇرۇپ بايلىقىنى كۆپەيتىدۇ، قوغدايدۇ. پۇل تېپىش كۆپ ھاللاردا ۋاستىلىك بولىدۇ، يەنى پۇلنى مەبلەغ سېلىش ياكى باشقا مال - مۈلۈك، ئەقىل - پاراسەتنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تاپقىلى بولىدۇ. ۋاستىلىك تاپىدىغان پۇل — تېجەش ئارقىلىق تاپىدىغان پۇل ۋە بايلىق بولۇپ، ئۇ، بىر ئادەم، بىر ئورۇن ياكى بىرقانچە ئورۇن، تەشكىلاتنىڭ خاس تەشەببۇسى، ئادەتلىنىشى ئارقىلىق تېپىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بايلىقنى ئاۋۇتۇش، كۆپەيتىش بولۇپ، ئۆز ئالدىغا خاسلىقى، ئارتۇقچىلىقى، ئەۋزەللىكى ۋە قوشۇلما قىممىتى بار. ۋاستىلىك پۇل تېپىشنىڭ جەريانى مۇرەككەپ، جاپا - مۇشەققەتلىك، خىرىسقا تولغان بولىدۇ. بىۋاستە پۇل تېپىشنىڭ جەريانى ئاددىي، خەتىرى ئاز، پايدىسى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ۋاستىلىك پۇل تېپىشقا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ياردەم بېرىدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ، بېيىتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ۋاستىلىك پۇل تېپىشمۇ بىۋاستە پۇل تېپىشقا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۇلار بىر - بىرىنى قوللايدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئومۇمەن بىۋاستە پۇل تېپىش ۋاستىلىك پۇل تېپىشقا قارىغاندا قولاي، بىخەتەر بولىدۇ.

خەلقىمىزدە «يانچۇقۇڭدا پۇل بولسا، جاڭگالدا شورپا قايناپدۇ» دېگەن ماقال - تەمسىل بار. ئىسراپ قىلماي توپلانغان هالال پۇلنىڭ، مىننەت، تاپا - تەنىسى يوق. بىز ئادەتتە بىر دانە قوناقنى ئېتىزغا ئۇرۇق قىلىپ سالساق، ئۇ كۆزگە بارغاندا بىر باش، ئىككى باش، هەتتا ئۈچ باش قوناق بولىدۇ. دېمەك، بىر باش قوناقتىن نەچچە مىڭ تال قوناق هاسىل بولىدۇ. تېجەپ يىغقان پۇل خۇددى ئاشۇ بىر تال ئۇرۇقنا ئوخشايدۇ. سەن تېجەۋەرسەڭ ئاخىردا بىردىن ئىككىگە، ئىككىدىن ئۈچكە كۆپىيىدۇ، خۇددى بىر تال قوناق ئۇرۇقى نەچچە مىڭ تال بولغاندەك يانچۇقۇڭ پۇلغا تولىدۇ.

تېجەش ياخشى ئادەت، ئۇ بىر ئادەمنىڭ هاياتىنى، تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، بىر ئادەمنىڭ ياشاش مۇهىتىنى گۈزەللىككە، بەختكە چۇمدۇرەلەيدۇ. پۇلى بار بايلارنىڭ هەممىسى تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل كىشىلەردۇر. ئۇلار تېجەش ئارقىلىق قۇدرەت تاپقان.

## ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئورتاق پۇل تېجەش هەرىكىتى

بىر ئائىلىدە بىرقانچە ئادەم بولىدۇ، ئەلۋەتتە ئاشۇ بىرقانچە ئادەمنىڭ چوقۇم بىرى شۇ ئائىلىگە باشچى بولىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن دادا، ئاندىن ئانا بولىدۇ. بۇ بىزدە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلدى. هازىرقى زاماندا بولسىمۇ، ئەخلاقلىق، دىيانەتلىك ۋە بىلىم - ساپالىق ئانىلار هەرقانچە قابىل بولسىمۇ، ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئاشۇ خىل ئەنئەنىسى ۋە ئەقىدىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى قوغداپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. بۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ ۋە چىن مەنىگە، ئۇلۇغ ئەهمىيەتكە ئىگە ئەقىدە. هالبۇكى، دۆت، قورسىقى تار، كۆزى كىچىك، ساپاسى يوق يەنە بىر قىسىم ئانىلار بۇنىڭ ئەكسىچە ئائىلىگە زورلۇق بىلەن غوجا بولىۋېلىپ ئاتىلارغا خورلۇق ۋە زۇلۇم، بېسىم پەيدا قىلىپ، ئائىلىنىڭ بارلىق ئىمتىيازلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىلكىگە

ئېلىشۋالغان. بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ جەمئىيەتتىمۇ ئىناۋىتى يوق، ئائىلىدىمۇ ئورتاقلىق، بىرلىك يوق. چۈنكى، ئائىلىدىكى باشقا ئەزالار ئانىنىڭ ئاشۇ خىل خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بەك قوللاپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئەر دېگەن ئەر بولۇشى، ئايال دېگەن ئايال بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. دەل مانا مۇشۇنداق ئائىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى راۋاج تاپمايدۇ، تەرەققىي قىلمايدۇ، باي بولالمايدۇ. بۇنداق بولۇشىدا ئائىلىدىكى ئىدىيەۋى بىرلىكنىڭ يوق بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇرغۇن سەۋەب بار. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر بىر پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىدە پۇل ۋە بايلىق تېجەش ئۇقۇمىنىڭ كەمچىل، ھەرىكىتىنىڭ تولىمۇ يېتەرسىز بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر بىر ئائىلىدە ئورتاق ئىدىيە بىرلىكى، ئورتاق نىشان بىرلىكى بولسا ھەم شۇ نىشان ئۈچۈن تىرىشىدىغان قەتئىيلىك ۋە جۈرئەت بولسا، ئۇ چاغدا، پۇل تېجەشتە غايەت زور نەتىجە بارلىققا كېلىدۇ. مەيلى ئادەتتىكى چاغلاردا بولسۇن، مەيلى بىرەر مەقسەتلىك ئىشتا بولسۇن، ئائىلە ئەزالىرىدا ئورتاقلىق بولسىلا، باشقا ئىشلاردىمۇ، پۇل تېجەشتىمۇ كۆزلىگەن مەقسەت ئىشقا ئاشماي قالمايدۇ. ئائىلىدە پۇل تېجەشنى يولغا قويۇش ئىدىيە بىرلىكى بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. مۇشۇ شەرت ئاساسىدا مۇنداق بىر قانچە ئىشنى قىلىشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

**1. ئائىلىدە ھېسابات ئېنىق بولۇشى كېرەك.** بىر ئائىلە بولغانىكەن، چوڭ - كىچىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ كۈندىلىك كىرىم - چىقىم پائالىيىتى بولىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە بۇنىڭغا ئىزچىل سەل قاراپ، ئۇنى ھېسابات قىلىپ، تەرتىپ تۇرغۇزۇپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى قانداقلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر شۇ ئائىلىدىكى بىر كۈنلۈك ياكى بىر مەزگىللىك تۇرمۇش يۈرۈشۈپ كەتسىلا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن مەسىلىگە ماھىيەتتىن مۇئامىلە قىلماسلىق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى بىلمەسلىك بولۇپ، ئىپتىدائىي قالاق ئائىلە باشقۇرۇش

شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ زىيانلىق تەرىپى يوقتەك، ئەركىن ئازادىدەك، يېتەرلىك ۋە مول ئىستېمال قىممىتى يارىتالايدىغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇ ئائىلىگە نۇرغۇن زىيان سالىدۇ. پۇل تېجەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ياكى نىشانلىق قانات يايدۇرۇشقا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدۇ، شۇڭا ئائىلىدە پۇل تېجەشنى ئومۇمىي كەيپىيات قىلىپ شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ئىنچىكە، ئېنىق ھېسابات قىلىش، ئائىلە ھېسابات خاتىرىسى تۇرغۇزۇش، ھېساب قىلىشنى دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇ قانچىلىك تېجەش، قانداق تېجەش ئىشلىرىغا يول ئېچىپ بېرىدۇ.

**2. پىلان بولۇش كېرەك.** بۇنىڭدا بىرى، سەرپ قىلىش، چىقىم قىلىش پىلانى، يەنە بىرى، كىرىم قىلىش - كىرگۈزۈش پىلانى بولۇش كېرەك. سەرپ قىلىشتا ئائىلىگە زادى كۈندە، ھەپتىدە، ئايدا، يىلدا قانچىلىك ئىستېمال كېرەك، ئۇنى قانداق چىقىم قىلىپ، قانداق تېجەش ۋە قىسىپ ھەل قىلىش كېرەك؟ دېگەنلەرنى بېكىتىپ چىقىش كېرەك. كىرىم پىلانىدا قانداق ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللىنىش ۋە قايسى ئىشلارنى قىلىش بىلەن كىرىم قىلىش ئىقتىسادىي ئاساسىنى قانداق پۇختىلاش لازىم دېگەندەك ئىشلارنى ئەستايىدىل پىلانلاش كېرەك. بۇ ئىككى ئىش تېجەشنى ئېنىق سانلىق مىقدارلار ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**3. بىردەكلىك بولۇشى كېرەك.** مەيلى ھېسابات، پىلان تۈزۈش، ئىجرا قىلىشتا بولسۇن، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەرىكىتىدە ھەمكارلىق، ئورتاق ماسلىشىش بولۇشى كېرەك.

**4. ئېنىق ھەرىكەت ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇش كېرەك.** يەنى ئائىلىدىكى ئەزالارنىڭ ئادەتتىكى نورمال خىراجىتىنى بېكىتىش، تېجىسە مۇكاپاتلاش، يەتكۈزەلمىسە جازا، تەنقىد - تەربىيە بېرىش لازىم. مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش، ماختاش بىلەن تەنقىدلەش، سەممىي نەسىھەت قىلىش، تەلىم بېرىش قاتارلىقلار ئۆزئارا

بىرىكىپ كەلسە، بىر ئائىلىنىڭ پۇل تېجەش، بايلىق توپلاشتىكى نىشانى، پىلانى ئەمەلىيلىشىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ تېجەشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

## پۇل تېجەشكە ئالاقىدار قىزىقارلىق ھېكايىلەر

ھايات تولىمۇ مۇرەككەپ، ئادەملەر تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ۋە غەلىتە مىجەزلىك بولىدۇ. دەل ئاشۇ غەلىتە مىجەزلەر پۇل تېجەش، بايلىق توپلاشتىمۇ ھەر خىل شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

### ئاشقان نەرسىلەرنى يىغىدىغان ئەمەلدار

مەن تونۇيدىغان بىر ئەمەلدار ئادەم بار ئىدى، ئۇ ئادەم ناھايىتى تېجەشلىك ئىش قىلىدىغان ئىقتىسادچىل ئادەم بولۇپ، قايسىبىر چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن مەلۇم سورۇندا ئولتۇردۇق، ئۇ ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ قېپىدىن چىقىدىغان كىچىك رەختلەر بىلەن قاپ شوينىسىنى يىغىپ سومكىسىغا سېلىۋالدى. بۇ ئىش ماڭا بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلسىمۇ، ئانچە ئىرەنشىپ كەتمىدىم. كېيىنكى قېتىملىق سورۇندىمۇ شۇنداق بولدى. بۇنىڭغا سورۇندىكىلەر ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى، ئەمما مەن بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالدىم. شۇ چاغدا ئىدارىدىكىلەردىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق شوينا يىغىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇلارمۇ ئېنىق بىلمەيدىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا «ھاراق شوينىسى» دەپ لەقەم قويۇپتۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى ئاشكارا كەمسىتكەن ئەھۋاللارمۇ بولغان. بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە ھېيت پەتىسىگە كىرىپ قالدىم. شۇ چاغدا قارا دېگەندەك بولدى، ئۇنىڭ دېرىزىسىگە قارىسام، پەردىلىرىنىڭ پۈتۈن شوينىلىرى ھېلىقى ھاراق قېپىدىن يىغىلغان شوينىلار بىلەن تارتىلىپتۇ، مەن بەكلا

ھەيران قالدىم. ھېلىقى شوينىلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن رەڭدە بولغاچقا، پەردىلىرىگە چۇچا چىقىرىپ ئاسقانىكەن، شۇنداق يارىشىپتۇ؛ تاماق شىرەسىدىكى چەينەك قويغۇچمۇ ئاشۇ شوينىلاردىن توقۇپ ياسىلىپتۇ؛ شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىنى چۈشەندىم. ئۇ، ئاشۇ شوينىلارنى يىغىپ، مۇشۇنداق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مەست بولۇپ قالغان بىر پەيتتە ئۇنىڭدىن شوينا يىغىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يىغماڭ، ئوبرازىڭىزنى ساقلاڭ دەپ تەربىيە بەردىم.

— ھەي، بۇ ئىشنىڭ باشقىلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئىززەت - ئابرۇيۇم بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى يوق، پەقەت ئۆزۈمنىڭ ئىشى، كىم نېمە دېسۇن قىلغان ئىشىم توغرا، باشقىلارغا زىيان سالمىغاندىكىن مەن باش تارتماي قىلىمەن، شوينىلا ئەمەس، سورۇنلاردىكى ئالاھىدە ياسالغان شىشە، بوتۇلكىلارنىمۇ يىغىمەن، ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىپ زىننەت بۇيۇمى قىلىپ تىزىپ قويسا، ياغ ۋە باشقا ئىچىملىكلەرنى قاچىلىسا، دورا - دەرمەك چىلاپ قويسا، شۇنداق ئەپچىل پايدىلانغىلى بولىدۇ، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ. بىراق، ھەممىسىنى يىغىپ ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت بىر - ئىككى تالنى ئېلىپ كەتكىلى بولىدۇ. شوينىنى ئېلىپ كەتسەك بولىدۇ، ئۇنى سومكىغا ياكى يانچۇققا سېلىپلا قويساق، ئىخچام، قولايلىق. شوينىنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلىرى بار، مەسىلەن، بىز تاشلىۋەتكەن ئاشۇ بوتۇلكىلار، قاچىلارنى باشقىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن يىغىپ سېتىپ پۇل تاپىدىغۇ؟

بۇ گەپنىڭ ھەقىقەتەن جېنى بار، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىمۇ دەل ئاشۇ يەردە. باشقىلار ئاشۇ نەرسىلەرنى ناچار، تاشلاندۇق، پاسكىنا دېمەستىن يىغىپ پايدىلىنىدۇ، ئۇنداقتا، شۇ سورۇندىكىلەر ئاشۇ نەرسىلەرنى يىغىپ پايدىلانسا نېمىشقا بولمىغۇدەك!

ئۇ ئادەم بىرقانچە يىلدىلا 600 ~ 700 مېتىردەك شوينا يىغقان. ئۇ شوينىلاردىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغان، يېزىدىكى تۇغقانلىرىغا ئاپىرىپ بەرگەن. ئۇلار ئاشۇ شوينىلارنى ئۇنداق ياخشىكەن، بۇنداق ئوبدانكەن دەپ ماختاشقان. يېزىدا دېھقانلار تاغار بوغۇش، ھارۋىغا نەرسە - كېرەك بېسىش، چارۋا - مال باغلاش دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن ھامان شوينىغا، ئارغامچىغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ - دە. ھېلىقى كىشى ئەۋەتكەن شوينىدىن دېھقانلار ئارغامچا ئېشىپ پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، شوينا قىلىپمۇ پايدىلانغان. ئۇلار بەك خۇشال بولغان ۋە يەنە يىغىپ بېرىشنى تاپىلىغان، قۇتا، شېشىلەردىنمۇ ئەۋەتىپ بەرگەن. ئۇ ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ئاغزىدىن چىققان پارچە - پۇرات رەختلەرنى يىغىپ، ئۆيىدە قول سۇرتۇش لۆڭگىسى قىلغاندىن سىرت، يېزىدىكى دېھقانلارغا ئەۋەتىپ بەرسە، ئۇلار رەختلەرنى قۇراشتۇرۇپ ناھايىتى چىرايلىق ياستۇق تىكىپ زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىغان.

تۇرمۇشتا تاشلاپ قويغان نەرسىلەرنى قايتا لازىم بولمايدۇ دېيەلمەيمىز. ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ تاشلاندۇق نەرسىنى ئەتىۋارلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇشتەك ئىش - ئىزلىرى بىزگە بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كېرەكلىك نەرسىلەرنى يىغىش، توپلاش ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس، گەپ بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە قانداق پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. خۇلاسە قىلغاندا، ئاشۇ شوينىلار ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلارغا قولايلىق ياراتقىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى نۇرغۇن چىقىمنى تېجەپ، ئاز بولمىغان كىرىمنى توپلاپ بېرىشكە تۈرتكە بولىدۇ.

يەنە بىر ئەمەلدار بار. ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئوبدانلا تونۇشىمەن. بىرقانچە قېتىم خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىدارىسىدە ئېچىلغان نەق مەيدان يىغىنلىرى ۋە خىزمەت تەكشۈرۈشلىرىگە

بېرىپ قالدۇق، ھەتتا، مېھمانخانىدا بىر ئۆيدە يېتىپ قالدۇق. ئۇنىڭ ياتقان مېھمانخانىدىن ئېشىپ قالغان چىش پاستىسى، سوپۇنلارنى يىغىپ ئېلىپ كېتىش ئادىتى بار ئىكەن. بۇ ئىش ماڭا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى، بۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى، مېھمانخانىنىڭ ياتىقىغا قويۇلغان ئاشۇ بۇيۇملارغا ئادەتتە كىم ياتسا، شۇ پۇل تۆلەپ بولغان بولىدۇ، ئۇ نەرسىلەرنى ئىسراپ قىلماي، تېجەپ قويسىمۇ، ئېلىپ كەتسىمۇ ئەسلىدىنلا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى، ئېلىپ كەتمەي تاشلاپ قويسا، ئوخشاشلا مېھمانخانىغا ياكى مېھمانخانىنىڭ مەلۇم بىر كۆتكۆچىسىگە پايدا بولىدۇ. ئادەت بويىچە كۆپ سانلىق كىشىلەر ئېلىپ كەتمەيدۇ. بەزى مېھمانخانىلار ئاشۇ ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى يىغىپ قايتا ئىشلىتىپ پۇل تاپىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاشۇ بۇيۇملارنى مېھمان ئۆزى ئېلىۋېلىشى، پايدىلىنىشى كېرەك. بۇ ھەقىقەتەن توغرا، مەنتىقىگە ئۇيغۇن. مەن بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق دەپ قاراپ، ھېلىقى رەھبەرنىڭ ئېشىپ قالغان بۇيۇملارنى ئېلىپ كېتىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى قولللىدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

— بۇ نەرسىلەرنى بىز سېتىۋالىمىز. ئەمدى ئۇنى ئېشىپ قالسا تاشلاپ قويساقمۇ بولىدۇ. بۇ خۇددى يانچۇقىمىزدىكى نەق پۇلىمىزنى تاشلاپ قويغاندەك، بىھۇدە ئىسراپ قىلغاندەكلا بىر ئىش. گەرچە بۇ نەرسىلەر ئۆزى ئاددىي، ئەرزان بولسىمۇ، بىر تال تاغاقنى ئادەتتە بىر يىل ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئىككى خىل سوپۇننى ئادەتتە ئىككى قېتىمدىن تۆت قېتىم ئىشلەتكىلى بولىدۇ. دېمەك، ئۆيدىكى ئاشۇ خىل نەرسىلەر بىرقانچە ئون قېتىم تېجىلىپ قالىدۇ. بۇ ئىش تەكرار بولۇۋەرسە، ھەر قېتىمدا تېجىلىپ ماڭسا، بىر يىلدا، ئون يىلدا، 30 يىلدا نەچچە مىڭغا يەتمەمدۇ؟

—.رەھمەت، — دېدىم مەن سۆيۈنۈش بىلەن، — راست، مەن

بۇنداق چوڭقۇر ئويلىماپتىمەن. تېجەش دېگەن ئاز - ئازدىن بارلىققا كېلىپ، ئاخىردا كۆپىيىدۇ.

راست بۇ رەھبەرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئاساسى بار بولۇپ، ئۇنى بىز تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلاپ باقساق، زور پايدىسى بارلىقىنى ھېس قىلىمىز ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرەلەيمىز. 2010 - يىلى 4 - ئايدا، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگودىكى خەينەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىگە ئۆگىنىش، زىيارەت قىلىشقا باردۇق. قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە بارغاندا ئىدارىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئەرزان مېھمانخانىلاردا بىرقانچە كۈن يېتىشقا توغرا كەلدى. شۇ چاغدا بىزنىڭ ھېلىقىدەك كىچىك سومكىدا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ماڭمىدىغان ئادىتىمىز بولمىغانلىقتىن، چىش پاستىسى، چىش چوتكىسى، ھەرخىل سوپۇنلارنى ئۆزىمىز ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئۈرۈمچىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە مېڭىش ۋاقتىدا ئۇ نەرسىلەرنى پۇل خەجلەپ ئالايلى دېسەك، ھەممىمىزگە بىھاجەتتەك، ئارتۇق كېلىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئاخىر ئالمىدۇق. شۇ چاغدا راستىتىنلا، باشقا جايلاردىكى ئىلگىرى ياتقان ھەم شۇ خىل بۇيۇملارنى بۇزغان نەرسىلەرنىڭ بىر قېتىم قەدرى ئۆتۇلدى. ئىچكىرىگە بارغاندىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك ياتاقلاردا ياتتۇق. بۇ يەرلەردە ھەقلىق، ھەقسىز بۇيۇملار ئايرىم تىزىقلىق ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېشىپ قالغان بۇيۇملارنى يىغىپ ئېلىۋالدۇق. قايتىپ كەلگەندە، يەنە ھېلىقىدەك ئەرزان ياتاقتا تۆت كۈن ياتتۇق. بۇ چاغدا ئىچكىرىدىن يىغىپ كەلگەن چىش پاستىسى، چىش چوتكىسى قاتارلىق بۇيۇملار بەكمۇ ئەسقاتتى. ھەتتا بىز ئۇنى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە پويىزدا كېلىش جەريانىدىمۇ ئىشلەتتۇق.

تۇرمۇشتا ئادەم يىغىپ ماڭسا، ئېلىپ ماڭسا بولىدىغان نەرسىلەر بەكمۇ كۆپ. مەسىلەن، ئېشىپ قالغان يېمەكلىك، مېۋە - چېۋە، ئىچىملىك ۋە باشقا بۇيۇملار. ئۇلارنى بىز ئۆز پۇلىمىزغا

سېتىۋالىمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۇلاردىن ئېشىپ قالغانلىرىنى نېمىشقا ئېلىپ كەتمەيمىز؟ بۇ بىزدىكى مەمەدانلىق، چوڭچىلىق، سۇنئىي پەرداز، تەكەببۇرلۇق بولۇپ، بىلىپ تۇرۇپ تۈزەتمەيمىز. نەتىجىدە ئۆزىمىزنىڭ ماددىي مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىمىز، خورىتىمىز، ئىسراپ قىلىمىز. بىزدە ئاشۇ ئىشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان توغرا قارايدىغان ئىدىيە، ئەمەلىي ھەرىكەت، ئادەت، خاراكتېر كەمچىل. بىر نەرسىنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئۇ نەرسىلەرنى ئادەتتىكىچە نەرسە، ئېلىۋېلىشقا ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارىماڭ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاشۇ نەرسىلەر چوقۇم سىزنىڭ، ئۇنى ئاسراڭ، ئىسراپ قىلماڭ، پايدىلىنىڭ. ئۇ سىزنىڭ تېجەش ئارزۇيىڭىز، تېجەش پىلانىڭىزغا ئالاھىدە ئىلھام بېرىدۇ.

## رېمونتچىلىقنى ئۆگىنىپ قويۇڭ

ئىدارىمىزدا تېجەشلىك ، پۇلدار بىر كىشى بار، ئۇنىڭ شۇنداق خاسلىقى، ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ، پۇلى بولغاچقىلا ئەمەس، قولىدا ھۈنىرى بولغاچقىمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر. باشقىلارغا پۇل لازىم بولسا ئۆتنە بېرىدۇ، ئەل قاتارى سورۇنلارغا بارىدۇ، پۇل چىقىم قىلىدىغان چاغدا قاراپ تۇرماي، توغرا، مۇۋاپىق بولسىلا پۇلنى چىقىرىدۇ. ئۇ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى، تۇرۇبا ۋە باشقا سايمانلارنى رېمونت قىلىشنى بىلىدۇ. باشقىلار ئۇنى دائىم ئاشۇ خىل نەرسىلەر بۇزۇلۇپ قالغاندا ياردەمگە چاقىرىدۇ. ئۇ ئائىلىسىدە ئاشۇ خىل نەرسىلەرنى باشقىلارغا رېمونت قىلدۇرۇپ باقماپتۇ، بۇزۇلغان ھامان ئۆزى ئۆڭشايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ھەم چىقىمنى تېجەپ قالغان، ھەم نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەردىن ساقلىنىپ قالغان. ئۇ مۇنداق دېدى:

— سىلەرمۇ ئۆگىنىپ قويۇڭلار، تۇرۇبا، توك ۋە ئائىلىدىكى باشقا ئۈسكۈنىلەر بۇزۇلۇپ قالسا ئۆڭشاش قىيىن ئەمەس، ئۇنى

ئازراقلا كۈچ سەرپ قىلىپ، زېھنىنى قويۇپ، يولىنى بىرلا بىلىۋالسا ئۆگىنىۋالالايدۇ. سىلەردىن رېمونت ھەققى، ماتېرىيال ھەققى ئېلىپ ئوڭشاپ بېرىدىغان ئادەملەرنى ئىقتىدار جەھەتتە سىلەرگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئاددىي، ئاسان ئىش، بۇ ئىشلارنىڭ جاجىسى بىرنەچچە تال ئەتۋىركە ۋە ئامبۇر بىلەن كۇلۇچ. باشقىلارغا قىلدۇرۇش ھېچقانداق پۇل كەتمەيدىغان ئىش دېسەكمۇ، دەل شۇ چاغدا قىلدۇرىدىغانغا پۇرسەت بولامدۇ - يوق، ئەسلىدىكىسىنى ئىشلىتىش كېرەكمۇ ياكى يېڭىدىن ئېلىش كېرەكمۇ - يوق؟ دېگەن ئىشلارغا بىز دەمال بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئۇ ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، قايتا ئالسا پۇل ئىسراپچىلىقى بولىدۇ. چۈنكى، رېمونت قىلىدىغان ئادەم چوقۇم قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ، ئاسانلا تۈگەتسەم، ئاۋارىچىلىك بولمىسا دەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆي ئىگىسىگە زىيان سالىدۇ، شۇڭا، ئائىلىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ قويۇش كېرەك. بىر ئائىلىدە ھەمىشە بىردەم توك، چىراغلاردىن مەسىلە كۆرۈلسە، بىردەم سۇ تۇرۇبىسى، ئەۋرەت يولى، تۇرلۇك ئوچاق ۋە سايمانلاردىن مەسىلە چىقىپ تۇرىدۇ. ھېسابلاپ كەلسە، ئۇنىڭغا نۇرغۇن چىقىم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 300 يۈەندىن 800 يۈەنگىچە ئاشۇ خىل بۇيۇملارنى رېمونت قىلىش ھەققى كېتىدىكەن. شەھەر ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈش چوڭ ئەترىتىدىكى بىر دوستىمىز قېيىنئاتامنىڭ ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئۈچ يىل تىزىملاش جەريانىدا يۇقىرىدىكى سانىنى ھېسابلاپ چىقارغان. قارىسا، ئۇنچىۋالا چىقىم كەتمەيدىغاندەك تۇرغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئىشلار پات - پات قىلىنغانلىقتىن، يىل ئاخىرىدا يىغىلىپ ئاشۇنداق كۆپ سان بولۇپ كېتىدىكەن. مەسىلەن، بىز ئۈچ يىلدا بىر ئائىلىگە 1500 يۈەن چىقىم كەتتى دېسەك، ئۇ چاغدا ئۈچ يىلدا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 يۈەندىن رېمونت

چىقىمى كەتكەن بولىدۇ. ئۇنداقتا:

10 (يىل) × 500 = 5000.00 (يۈەن)

60 (يىل) × 500 = 30000 (يۈەن)

ئەگەر ئۆزىڭىز ئائىلىدىكى رېمونتچى بولالىسىڭىز، يىللىق چىقىم 200 يۈەنگە يەتمەيدۇ. قېيىنئاتام تۈرلەرگە ئايرىغاندا، 800 يۈەن چىقىم بولغان، يىلدا ئالغان ماتېرىيال پۇلى 200 يۈەنگە يەتكەن، قالغان قىسمى رېمونت، مۇلازىمەت چىقىمى بولۇپ قالغان. ئۆزى قىلىپ يىلىغا 200 يۈەن ئەمەس، 150 يۈەندىن ماتېرىيال پۇلى چىقىم قىلدى دېسەك، ئۇ ھالدا تېجىلىدىغان پۇل:

10 (يىل) × 350 = 3500 (يۈەن)

60 (يىل) × 3500 = 21000 (يۈەن)

بۇ خۇددى ھەر كۈنى ئامانەت قويغاندەك، يىلبويى سۇغۇرتا، زايوم سېتىۋالغاندەكلا بىر خاسىيەتلىك ئىش. مەيلى سىز كىم بولۇڭ، ئائىلە سايمانلىرىنى رېمونت قىلالايدىغان بىر كەسىپ ئەھلى، ھۈنەرۋەن، ئۇستا رېمونتچى بولۇشنى قولدىن بېرىپ قويماڭ.

## قېرىنداشلار بىرلىكى

ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئاجراش مۇمكىن بولمايدىغان بىرلىكنىڭ ئاساسى. ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تەدرىجىي مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە يۈزلىنىش داۋامىدا ئالدى بىلەن ئۇرۇقداشلىق جامەسى ئارقىلىق مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇڭا، ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى قەدىمدىن بۇيان ئىنسانلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن، يېقىنلاشتۇرغان، ئىتتىپاق - ئىناق قىلغان.

ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق بىلەن پۇل تېجەشنىڭ قانداق

مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىزھارلاشتا، بىز ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى رولى ئارقىلىق جاۋاب ئىزدەيمىز.

ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىقتا بىر خىل ئىچكى بىرىكىش، مېھىر - مۇھەببەت بولىدۇ، بۇ خىل بىرىكىش ئادەملەرنى تەبىئىي ھالدا بىر نىشان، بىر مەقسەت، مۇددىئاغا مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ھال مەيلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسۇن ياكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە بولسۇن، ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ، بىرلىك ھاسىل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، بىرلىك، ئىناقلىق بار يەردە، ھەرقانداق قىيىن ئىش ئاسان، ھەرقانداق چىگىچ مەسىلە ئاددىي ھالدا ھەل بولۇپ كېتىدۇ. بىرلىكنىڭ كۈچى چەكسىز، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يارىتىدىغان نەتىجىسى شۇنداق چوڭ بولىدۇ.

ھازىر دۇنياغا نەزەر سالساق، جەمەت شەكلىنى ئالغان، يەنى ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىرلىك قىلغان ئىگىلىك ھەممىلا جايدا مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارنىڭ جەمەت نامى بىلەن ئاتالغان. دۆلىتىمىزدە بۇ خىل ئەھۋال خەنزۇ، خۇيزۇلاردا ئەڭ كۆپ، ئۇيغۇرلاردا بىر قەدەر ئاز. جەمەت تىپىدىكى ئىگىلىك ناھايىتى جانلىق ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيىتى زور بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق جەمەت تۈسىنى ئالغان ئىگىلىك كۆپ ھاللاردا جان - دىل بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، تەرەققىي قىلدۇرغانلىقتىن، ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدىكى يوچۇقلار ئېتىلگەن. پايدىلىق ئامىللار رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان، قىزغىنلىق تەبىئىي ھەم ئورتاق ئەۋج ئالغان بولىدۇ. مانا بۇلار ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە ئەۋزەل شارائىت، پايدىلىق پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، يېقىنقى 30 يىل داۋامىدىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلار بىرلىشىپ تىكلىگەن ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئالاھىدە ياخشى بولدى. ئۇلار بىردەك ھەرىكەت ۋە

ئورتاق نىشان بويىچە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ماس قەدەمدە ئېلىپ باردى، قەشقەردە چوڭ گۇرۇھلاردىن سەمەن ساياھەت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دەل جامەئەت تىپىدىكى كارخانا گۇرۇھى بولۇپ، ئۇلار 20 نەچچە يىل داۋامىدا بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلار ئىتتىپاقلىشىپ مەبلىغىنى بىر يەرگە جەملەپ، ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ھازىرقىدەك 10 نەچچە تارماق شىركىتى، 1000 دىن ئارتۇق ئىشچى - خىزمەتچىسى بار كارخانا گۇرۇھىغا ئايلاندى. بۇلاردىن باشقا، ھەرخىل سودا، تىجارىتى روناق تاپقانلار ئىچىدە يەنىلا ئاكا - ئۇكىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىرلىشىپ قۇرغان ۋە باشقۇرغانلارنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى. ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىرلىك مەۋجۇت بولغانلىقىدا؛ تاپقان پۇلنى توپلاپ، بىر يەرگە يىغىپ ئىقتىسادىي كۈچى، مەبلەغ كۈچىنى زورايتىشتا گەۋدىلەندى. بەزىلەرنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا بىر خىل پۇل يىغىش، پۇل تېجەش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، تەرەققىي قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرگەن.

خەينەن ئارىلىغا بارغاندا ئۇچراتقان ئۇيغۇر ئاشپەزنىڭ دېيىشىچە، بۇ يەردىكى خۇيزۇلار ناھايىتى ئىناق ئىكەن. بىر ئائىلىدە توي بولسا، ھەربىر خۇيزۇ ئائىلىسى ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ تويغا 1000 يۈەن چىقىرىپ تەبرىكلىشى كېرەك ئىكەن. بىر ئائىلىدىكى توي قىلغان ئوغۇل بىلەن قىز ناھايىتى كۆپ پۇلغا ئىگە بولىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باي - باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ئىگىلىك تىكلەشكە ئاساس سېلىۋالىدىكەن. بۇ خۇيزۇلارنىڭ ئەنئەنىسى بولۇپ، ئۇنى بىر خىل ئۇرۇقداشلار ئارا پۇل تېجەش، پۇل توپلاش پائالىيىتى دەپ قارايدىكەن. چۈنكى، تويغا بەرگەن پۇل كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە شۇ ئائىلىنىڭ ئۆيىدە توي بولغاندا ئوخشاشلا قايتىپ كېلىدىكەن. شۇڭا، ئۇنى بىر خىل ئۇنۇملۇك، مەڭگۈلۈك پۇل تېجەش ئۇسۇلى دەپ قارايدىكەن.

بىزدە شۇنداق ئادەت بارمۇ؟ بار. بىراق، ئۇنىڭ دائىرىسى تار، مىقدارى ئاز، دەۋرچانلىقى قىسقا. پۇل يىغىش قىلىپ توي قىلىپ قويۇش، پۇل توپلاپ ئىگىلىك تىكلەش، توي - تۆكۈندە پۇل قويۇپ ياردەم بېرىش بىزدىكى كونا ئەنئەنىۋى ئادەت. بىراق، بىر پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئومۇملىشىپ كەتكەن ئىش ئەمەس. ھالبۇكى بۈگۈنكى دۇنيادا، بىز ئىلغار ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللانمىساق، يېڭىچە، بىخەتەر يول بىلەن مېڭىشنى بىلمىسەك، ئۆگەنمىسەك بولمايدۇ. بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىزمۇ ھەر خىل ئالاھىدە تېجەش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشىمىز، قوللىنىشىمىز ۋە ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ھازىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئىككى بالا بولۇش ئومۇملاشقان، قانۇنلاشقان ئىش. مۇبادا ئۇرۇق - تۇغقانلار بالىلارنىڭ تويىنى قىلغاندا، ھەر بىر بالا ئۇچۇن مۇۋاپىق مىقداردا پۇل قويۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا، تەجرىبە توپلىسا، ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئۇنۇمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇق - تۇغقاننىڭ بېغى مەھكەم بولىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن پۇل مەڭگۇ بىخەتەر، ئۇلار ھەرقانچە زىيان تارتقان تەقدىردىمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ پۇل، مەبلىغىنى چوقۇم قايتۇرىدۇ. مەسىلەن، بىر ئائىلىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ھېسابلىساق، دادا تەرەپ 14 ئائىلە، قېيىنئاتا تەرەپ 14 ئائىلە بولىدۇ. بىر ئائىلىدە توي بولسا ئۇ چاغدا بىر ئائىلە 1000 يۈەندىن پۇل چىقارسا، 28 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

بۇ ھال ئىزچىل دەۋر قىلسا، ئېنىقكى ئۇلارنىڭ تېجەيدىغان، توپلايدىغان، پايدىلانسا بولىدىغان پۇلى ئىزچىل يۇقىرى نىسبەتتە تۇراقلىق كۆپىيىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئائىلە، جەمەت بىرلىكىنىڭ پۇل تېجەشتىكى ئارتۇقچىلىقى، ئەۋزەللىكى. دېمەك، بۇنداق پۇل تېجەش ھەممە تەرەپكە يار - يۆلەك بولىدىغان ئەڭگۈشتەر بولۇپ قالىدۇ.

## پىخسىقلىق روھى ۋە زورۇقۇپ پۇل تېجەش قارىشى

جەمئىيىتىمىزدە پىخسىقلىق قىلىشنى پۇل تېجەش ۋاستىسى قىلىۋالغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس، مېنىڭ بىر خىزمەتدىشىم دەل شۇنداق. ئۇ، ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ، ئۇ پۇل تېجەشنى بىر خىل پىخسىقلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈۋالغان. باشقا ئىشنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، بىرەر خىزمەتدىشىمىز ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا، دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلاشقا پۇل يىغىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ قانچە پۇل يىغقانلىقىنى، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورايدۇ، تېخى قانچە ئادەم پۇلنى بېرىپ بولدى؟ دېگەنلەرنى سورايدۇ. بىر قېتىم پۇل يىغقۇچىدىن شۇنداق سورىغانىكەن، ئۇ زەردە قىلىپ:

— ھېچكىم بەرمىدى! — دەپتۇ. ئۇ دەرھال قولىدىكى پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ:

— باشقىلار بەرمىسە، مەن بېرەمدىمەن! ئالدى بىلەن باشقىلاردىن ئالسىلا، بارامدىمەن - بارمامدىمەن تېخى، باشقىلار بارامدۇ - بارمامدۇ؟ بەزىلەر بىز بەرگەن پۇل بىلەنلا بېرىپ، باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەمدۇ تېخى! ئۇنداق بولسا بولمايدۇ جۇمۇ، ھەممىسىدىن يىغىپ كەلسىلە، — دەپتۇ.

— سىلىدىن باشقا بىرمۇ ئادەم قالماي بېرىپ بولدى، — دەپتۇ ھېلىقى پۇل يىغقۇچى كۈلۈپ، — چاقچاق قىلىپ قويسام، راست دەپ قالدىلا!

— پۇلغا چاقچاق قىلسىلا بولامدۇ؟ تازىمۇ بىر ئىش بولدى - دە! ئىدارە پۇل چىقارمامدىكەن! ئۆيىنىڭ قەرزىگە تۆلەيمەن، بالامنى ئوقۇتىمەن دەپ يىغقان پۇلنىڭ تايىنى بولمايۋاتسا، نەدىن پەيدا بولدى كېسەل كۆرىدىغان ئىش.

— ياق، يانچۇقىمىزنى كولايدىكەنمىز.

— ئاغرىمىسىمۇ بولىدۇ شۇ ئادەم، ئادەمگە زىيان سېلىپ.

بۇ 20 نەچچە يىل بىر ئورۇندا ئىشلىگەن بىر ئادەمنىڭ تۇغقاندەك بولۇپ قالغان، ئاغرىپ يېتىپ قالغان خىزمەتدىشىغا تۇتقان مۇئامىلىسى. بۇنداق كىشىلەرگە نېمە دېگۈلۈك! ھەرقانچە بولسىمۇ، بىر خىزمەتداش كېسەل بولۇپ قالغاندا ئۇنچىلىك ناچارلىق، چاكىنىلىق دىيانەتسىزلىك قىلىش كەتمەيدۇ. شۇ بىر قېتىم يوقلاپ قويۇش بەك كۆپ بولسا 30 يۈەن، بولمىسا 20 يۈەن بولار، خىزمەتداشنىڭ بىرىدە بىرىنىڭ مېھرى ھەققى بولىدۇ، 20 ~ 30 يۈەنگە خىزمەتدىشىمىز باي بولمايدۇ، كېسەلدىن ساقىيىپ كەتمەيدۇ، پەقەت تەسەللى تېپىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئازراق پۇلنى سەرپ قىلىپ قويۇش ئادەمگەرچىلىك، ئۇنى قىسىپ تېجەش بىر خىل بىمەنىلىك ۋە ناچارلىق، پەسكەشلىك بولىدۇ. بولۇپمۇ، بىر خىزمەتدىشى ئاغرىپ قالسا ئۇنى يوقلاش، ساقىيىشىغا ئىلھام بېرىشتەك مۇھىم، ئاددىي ئىشقا ناچارلىق قىلىش ئۆتۈپ كەتكەن بېخىللىق، پىخسىقلىق بولىدۇ.

خىزمەتداش ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قەدىرلىك، يېقىن بولىدۇ، ئۇلار ھەمىشە بىر نىشان ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىدۇ. گەرچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چەك - چېگرا بولسىمۇ، قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش، قوللاش، ئىلھام بېرىشنىڭ چېگراسى بولمايدۇ.

بىرقانچە يىلنىڭ ئالدىدا مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئانىسى قازا قىلدى. بەلكىم تەقدىر شۇنداقتۇ، باشقىلار ئۇنىڭ سەۋەنلىكىدىن ئانىسى بالدۇر، ياشلا قازا قىلدى دەپ قارىدى. ئۇ شۇ كۈنى مەلۇم ئىدارىغا خىزمەتكە بارغان. ئۇ ياناي دەپ تۇرسا، يان تېلېفونغا ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن تېلېفون كەپتۇ. ئۇ چاغلاردا تېلېفونغا ئۇرسىمۇ، كەلسىمۇ ئوخشاشلا ھەق ھېسابلىناتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئالماي، ئىشخانىغا بېرىپ تېلېفون قايتۇرماقچى بولغان، ئىشخانىدىن ئۇرسا ئۇنىڭغا ئۈچ تەرەپتىن پايدىسى بار بولۇپ، ئۆزىنىڭ تېلېفونىغا پۇل چىقماي تېجەپ

قالىدىكەن، ئانىسىنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفونىغا پۇل چىقمايدىكەن؛ ئۈچىنچى، ئىشخانىدىن ئۇرسا ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى چىقىم بولىدىكەن. مۇشۇ ئۈچ مۇھىم تېجەشنى نەزەردە تۇتۇپ، قايتا - قايتا كەلگەن تېلېفوننى بېسىۋېتىپ يېرىم سائەت دېگەندە ئىشخانىغا بېرىپ تېلېفون قايتۇرغان، بۇ چاغدا ئانىسىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ ھوشسىز يېتىپ قالغان، كىچىك سىڭلىسى نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنىڭغا تېلېفون قىلسا ئالمىغان. دەرھال 120 گە مەلۇم قىلىپ، قۇتقۇزۇشنى تېزلەتكەن. بىراق، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئانىسى قازا قىلغان. ئۇ ئادەتتىمۇ تېلېفون ئۇرسا، ئىمكان بار ئىشخانىغا بېرىپ ئالاقە قىلىپ، چىقىمنى ھۆكۈمەتكە ئارتىپ ئالاھىدە تېجەشلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇ قېتىملىق ئاچچىق ساۋاقتىن كېيىنمۇ، ئۇ يەنىلا ئاشۇ ئاچ كۆز، پىخسىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتمىدى.

ئۇ تېخى خىزمەتداشلارنى ئۆزىتىش سورۇنلىرى، ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئولتۇرىدىغان يېمەك - ئىچمەك سورۇنلىرىغا بارمايدۇ، بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ قالسا پۇل چىقىرىشى بەكمۇ تەس. باشقىلاردىن قەرز ئالسا ۋاقتىدا قايتۇرمايدۇ.

20 نەچچە يىل خىزمەتداش تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ باققانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆيىدىكى چاقىرىشلارغا ئالدىن بارىدۇ، چۈنكى، ئۇنداق چاغدا پۇل چىقىم بولمايدۇ. بىراق، ئۆزى باشقىلارنىڭكىنى شۇنچە كۆپ يېسىمۇ، ئازراق بولسىمۇ قايتۇرمايدۇ. ئادەمنى بەك غەزەپلەندۈرىدىغان يېرى ئادەم ياراتمايدۇ. بىرەر قۇر كىيىم كىيىپ قالسا، ئۇنى مانچە پۇلغا ئالغان دەپ خېلىغىچە ۋالاقلايدۇ.

بۇ مىنىڭچە پۇل تېجەش ئەمەس، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن ئىچى تارلىق، ئىچى يامانلىق، رەزىللىك بولۇپ، ئۇنى تېجەش پائالىيىتى دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھېچقانداق ئىناۋەتكە، ھۆرمەتكە، ئىززەتكە سازاۋەر

ئەمەس. ئۇنى بىلگەنلىكى ئادەم كۆزىگە ئىلمايدۇ. قاتارغا قوشمايدۇ.

## پۇل تېجەشتىكى ئالتۇن بەلباغلار

پۇل تېجەشتىكى يوللارنىڭ ھەممىسى پۇل تېپىش يولىدىكى بىر تارماق، مۇھىم ھالقا. دېمەك، ئۇ پۇل تېپىشنى ياخشى ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سىز پۇل تېجەشنى ئويلايسىز. بىراق، سىز زادى قايسى يولدا ماڭىسىز، قانداق ئۇسۇل بىلەن پۇل تېجەيسىز؟ بۇلار سىز نىيەت قىلغان، بەل باغلىغاندىن كېيىن ياكى پىلان قىلغان چاغدا ھەل قىلمىسىڭىز، بېكىتمىسىڭىز بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرەپ.

ئومۇمەن پۇل تېجەشكە ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى، شەرت - شارائىتى ۋە ئىمكانىيىتىدىن پايدىلىنىپ پۇل تېجەشنىڭ يولىنى ئاچسا، تاللىسا، قوبۇل قىلىپ قوللانسا بولىدۇ. بىراق، بەزىلەر ئېنىق يولىنى زادىلا تاپالمايدۇ. مەيلى سىز قانداق يولنى ئۆزىڭىز تېپىڭ ياكى تاپالماڭ، مۇنداق بىرقانچە ئىشنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇڭ.

**1. بانكىدا ئامانەت پۇل قويۇشقا سەل قارىماڭ.** مېنىڭ بىر قىز ساۋاقدىشىم بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدا توي قىلىپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، تۇرمۇشتا بەختى تەتۈر كېلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئېرى قىمار ئوينىغان، ئەخلاق جەھەتتە قاتتىق بۇزۇلغان، ھاراق ئىچىپ، ئۇنى كۆپ قېتىم ئۇرغان. ساۋاقدىشىم ئەخلاقلىق، بىلىملىك قىز بولغانلىقتىن، ھەممىسىگە تاقەت قىلىپ ئۇزاق يىل ئەرنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرگەن، ئەمما ئاخىردا ئۇ كۆپ تەرەپلىمە قىسىلىش ۋە خورلۇق تۈپەيلىدىن، ئامالسىز بىر بالىنى ئېلىپ ئەردىن ئاجرىشىپ

كەتكەن. ئۇ خىزمەتكە، كەسىپكە قاتتىق بېرىلگەن ھەمدە ئىدارىسىدە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىلغار شەخسكە ئايلانغان. بىرقانچە يىلدا كۆزگە كۆرۈنۈپ، رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان. ئۇ ھازىرمۇ رەھبەرلىك ئورنىدا گېپى ئۆتىدىغان، كىشىلەر ھۆرمەت قىلىدىغان، كۆزگە كۆرۈنگەن ئايال رەھبەر. بىرقانچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ قەشقەر شەھىرىدىكى 18 قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىدا ئۇچراپ قالدى. ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەچكە تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق. ئۇنىڭ كۆڭلىرى مەنىلىك ئۆتكەن، ئۆي غېمى، ئەر غېمى يوق ئىكەن. بالىنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئالدىنقى يىل ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەۋەتىپتۇ. بايىقى بىنادىن 110 كىۋادرات مېتىرلىق بىر يۈرۈش ئۆينى ئاز كەم 200 مىڭ يۈەنگە سېتىۋاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ بالىسى ئۇچۇن قىلغان ئىشى ئىكەن. ھازىر ئۇ ئۆينى ھەر يىللىقىنى 8 مىڭ يۈەندىن 10 يىللىق ئىجارىگە بېرىپتۇ. مەن بەك ھەيران قالدىم.

— بۇنچە پۇلنى نەدىن تاپتىڭىز، — دېدىم ئۇنىڭغا:

— يىغىپ، تېجەپ تاپتىم، خىزمەتكە چىققان 25 يىلدىن بۇيان توختىماي بانكىدا پۇل قويۇپ كەلدىم. قانچىلىك دېمەمسىز، ھەر ئايدا 500 يۈەندىن، 1000 يۈەندىن قويدۇم، خىزمەتكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىنلا توي قىلغان، شۇ چاغدا ئاتا - ئانام مېنىڭ بىر پۈتۈن پۇلۇمنى ئېلىۋالماي، بانكىدا قويدۇردى. ئۇ چاغدا 600، 700 يۈەن ئىش ھەققى ئالاتتىم، ئاز بىر قىسمىنى خىراجەت قىلسامۇ، ھەر ئايدا 500 يۈەننى تولۇق قويۇپ ماڭدىم. توي قىلغاندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلدىم. بالامنىڭ دادىسى بىلەن ئالتە يېرىم يىلدەك ئۆي تۇتتۇم. شۇ چاغدىمۇ ھەر ئايدا 500 يۈەن قويۇپ ماڭدىم. بالامنىڭ دادىسىمۇ بىلەتتى، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ قىمار ئويناپ قەرز بولۇپ قالغاندا شۇ پۇلدىن 30 نەچچە مىڭ يۈەننى ئۇنىڭ قەرزىگە بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە 10 نەچچە مىڭ يۈەن ئاشتى. ئاجراشقاندىن كېيىن، بەك روھىم چۈشۈپ كەتتى، شۇنداق

بولسىمۇ مەن پۇل ئامانەت قويۇشنى ئۇزۇپ قويمىدىم. ئىش ھەققىم يىلدىن - يىلغا ئۆستى. مەن بانكىدا قويىدىغان پۇلنى 1000 يۈەنگە كۆپەيتتىم. بۇ پۇلنى پەقەت باشقا ئىشقا ئىشلەتمىدىم. ئىشلىتىش توغرا كەلسە، باشقىلاردىن قەرز ئالدىم ياكى ئىش ھەققىمدىن ئاشقان قىسمىنى تېجەپ، باشقا خىراجەتلەرنى يۇرۇشتۇردۇم. مەن بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تۇراقسىز ئامانەت كارتىسى بېجىرىپ، ھەر ئايدا ئېشىپ قالغان پۇل، تېجەپ قالغان پۇل، ئاندىن مۇكاپات، قوشۇمچە پۇللارنى شۇ كارتىغا قويۇپ ماڭدىم. كەيپ - ساپاغا پەقەت بېرىلمىدىم. ھەشەم - دەرەم قىلمىدىم، مودا قوغلاشمىدىم. سەۋەبى ئۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. ھەممىدىن مۇھىمى تىنچ تۇرمۇشنى ئەتىۋارلاپ، خاتىرجەم ياشاش ئىكەن. لېكىن بېرىش - كېلىش، پۇل خەجلەشتە، زۆرۈر بولغان مەجبۇرىيەتلەرنى زادىلا قولدىن بېرىپ قويمىدىم. خىزمەتنى ياخشى قىلدىم، ئۆزۈمنى خارلىمىدىم، پارا ئالمىدىم، كىشىلەر ئالدىدا بىچارە بولمىدىم. قاراڭ، دۇنيادا قورۇنماي، قورقماي، بىراۋنىڭ دەككە - دۈككىسىنى قىلماي ئۆتۈشتەك خاتىرجەملىك ئاسان قولغا كېلەمدۇ؟ مەن شۇنداق خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈردۈم. مېھنەتلىك ئىشتىن جان تىكىپ ئىشلەپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش، ئۆزىنىڭ مۈلكى بىلەن تۇرمۇشنى پاراۋان قىلىشتىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟ ھېسابلاپ باقسام، مەن 17 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە 200 نەچچە مىڭ يۈەن پۇل توپلاپتىمەن. بۇنىڭدىن باشقا ھەر يىلى ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆسۈم قوشۇلۇپ، بۇ پۇل 230 مىڭ يۈەندىن ئېشىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىقتىساد قىلىپ يىغقانلىرىم يەنە 60 ~ 70 مىڭ يۈەن بولۇپتۇ. بۇ يەردىن ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىنمۇ يەنە 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇل بانكا كارتامدا بار.

— ئىشنىڭ ئېپىنى سىز بالدۇرلا تاپقان ئىكەنسىز، ئاپىرىن! — دېدىم مەن سۆيۈنۈش بىلەن ئۇنى ماختاپ، — سىزنىڭ پۇل توپلاش تەجرىبىڭىزنى باشقىلارغىمۇ تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك ئىكەن.

مۆجىزە ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، بەلكى ئۆزىمىزدىن، ئۆزىمىزدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە پۇرسەتتىن ئاپىرىدە بولىدۇ. پۇل توپلاش، پۇل تېجەشمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىكى بىر بۈيۈك مۆجىزە مەنبەسى بولالايدۇ، پەقەت سىز ئۇنى چىڭ تۇتالىسىڭىز، ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرالىسىڭىز، ئۆزىنىڭ نۇرانە يۈزىنى ئاچىدۇ.

سىز ئىقتىسادىي جەھەتتە قەد كۆتۈرەي دېسىڭىز، چوقۇم ئۇزاق مۇددەت، مۇقىم، تەۋرەنمەي پۇل ئامانەت قويۇشنى داۋاملاشتۇرۇڭ. ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئۇنى ئۈزۈپ قويماڭ، پەقەت بولمىسا، 10 يىل، ھەتتا 20 يىل داۋاملاشتۇرۇڭ. ئۇ كۈنلەر كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كېلىدۇ، سىز بۇنىڭ بەدىلىگە نەچچە 100 مىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىسىز. ئامانەت قويغان پۇلىڭىز سىزگە نۇرغۇن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا سىزنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىڭىز، ئىشەنچىڭىز، ئوبرازىڭىز، تەتبىقلاش ئىقتىدارىڭىز، باشقۇرۇش قابىلىيىتىڭىزنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، سىزنى جەسۇر، يۈرەكلىك، پاراسەتلىك قىلىدۇ. مەيلى قانداقلا بولسۇن، پۇل ۋە بايلىق ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ ئالىقىنىڭىزغا كىرمەيدۇ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ۋاسىتىسى ئەجىر ـ ئەمگەك قىلىش، جاپالىق ئىشلەپ بايلىق يارىتىشتۇر. ئەگەر سىز كۆپ پۇل تېپىشنى ئويلىسىڭىز، كۆپ ئىشلەڭ ياكى زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ پۇل ئارقىلىق پۇل ئۇندۇرۇڭ. ئەگەر سىزدە ئۇنداق ئىقتىدار ۋە پاراسەت بولمىسا، ئۆزىڭىزدە پۇل يىغالايدىغان پاراسەتنى، ئادەتنى يېتىلدۈرۈڭ. سىز شۇنداق قىلسىڭىز، پۇل ئاستا ـ ئاستا ھالدا سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا ئايلىنىدۇ، ئاخىردا قولىڭىزغا كۆپلەپ كىرىدۇ، مانا بۇ سىزنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي پۇل توپلاش، ئامانەت قويۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**2. ھەر كۈنى بىر قىسىم پۇلنى تېجەپ قويۇش كېرەك.** پۇل توپلاشتا ئامانەت قويۇشمۇ ۋاستە، بىر قىسىم پۇلنى تېجەپ

قويۇش، يىغىشمۇ يەنە بىر مۇھىم ۋاسىتە ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم چالغۇ ئەسۋاب سودىگىرى ھەر كۈنى تاپقان پۇلىدىن 200 يۈەننى تېجەپ ئۈزۈلدۈرمەي يىغقان، ئۇنىڭ ئادىتى چوقۇم ھەر كۈنى ئاخشىمى دۇكاننى يىغىپ، 200 يۈەن پۇلنى ھېسابتىن ئايرىپ ئېلىش، يەتمىسە يانچۇقىدىن تولۇقلاپ ئانىسىغا ئاپىرىپ بېرىش بولغان. ئۇ ھالدا ئايدا:

200 (يۈەن) × 30 (كۈن) = 6000 (يۈەن)

بىر يىلدا بولسا

12 (ئاي) × 6000 (يۈەن) = 72000 (يۈەن)

ئۇ 10 يىلدا قانچە پۇل تېجەر، 20 يىلدا قانچە پۇل تېجەر، 60 يىلدا قانچە پۇل تېجەر؟

60 (يىل) × 72000 (يۈەن) = 4320000 (يۈەن) بولىدۇ.

دېمەك، بۇ ئادەم «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخكە ئىگە» بولۇۋالغان، ئۇنىڭ بىردىنبىر تۇتقان يولى مەيلى بىر كۈندە 100 مىڭ يۈەن پايدا ئالسۇن، مەيلى بىر موچەن پۇل تاپالماي قالسۇن، ھەر كۈنى 200 يۈەننى تېجەشنى، يىغىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش. گاھىدا ئۇ بىرەر ئايغىچە سودا قىلالماي تۇرۇپ قالغاندا، قەرز ئېلىپ 200 يۈەننى تولدۇرۇپ ماڭغان، بازىرى ئېچىلىپ سودا قىزىغاندا قەرزنى قايتۇرغان. بىر قېتىم ئۇ ئانىسىغا بەرگەن پۇللارنىڭ ئىككى يىللىق جۇغلانمىسىنىڭ جەمئىي سانىنى كۆرۈپ ئۆزىمۇ ھەيران قالغان ھەم قاتتىق ھاياجانلانغان.

ئادەم يولىنى بىلسە ھەرقانداق بىر ئىشتىن نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، پۇل تېجەش تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخكە ئېرىشكەنگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن تىللا تۆكۈلۈۋەرسە، ئاخىردا بايىقى كىشى ھەيران قالغاندەك ئۇلۇغ مۆجىزە يارالماي قالمايدۇ.

سىز ھەر كۈنى كىرىمىڭىزنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ياكى 10 دىن بىر قىسمىنى تېجەپ يىغىپ قويۇڭ. بۇنداق تېجەش

ئائىلىگە، سىزگە ھېچقانداق ئېغىر كەلمەيدۇ ھەم كۈنلەر، ئايلار، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ پۇل خۇددى قاردا دومىلىغان پومزەكتەك يوغىناپ بارىدۇ. ئومۇمىي كىرىم ئىچىدە ئۈچتىن بىر قىسمى ياكى 10 دىن بىر قىسمىنى ئايرىش دېگىنىمىز مۇقىم ئۆلچەم ئەمەس. پەقەت سىز ئۇنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان بىرلىكنى قوللانسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۈچتىن بىرى بولسا، بىرقەدەر چوڭ بىرلىك. ئۇ كىرىمى كۆپ، تاپاۋىتى يۇقىرى، كۆپرەك پۇلنى ئايرىسىمۇ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان كىشىلەر قوللانسا بولىدىغان ئۇسۇلدۇر. ئوندىن بىرىنى ئايرىش بولسا، كىرىمى تۆۋەن، كۆپ تېجەپ قالسا باشقا ئىشلىرىغا دەخلى يېتىدىغان كىشىلەر قوللانسا بولىدىغان بىرلىك ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن:

10 (يۈەن) ÷ 1/10 = 1.00 (يۈەن) × 30 (كۈن) = 30 (يۈەن)

10 (يۈەن) ÷ 1/3 = 3.33 (يۈەن) × 30 (كۈن) = 99.9 (يۈەن)

بىز بۇنى بىر يىل ئۇدا داۋاملاشتۇرساق

365 (كۈن) × 1.00 (يۈەن) = 365.00 (يۈەن)

365 (كۈن) × 3.33 (يۈەن) = 1215.45 (يۈەن)

10 (يىل) × 365.00 (يۈەن) = 3650.00 (يۈەن)

60 (يىل) × 365.00 (يۈەن) = 21900.00 (يۈەن)

10 (يىل) × 1215.45 (يۈەن) = 12154.5 (يۈەن)

60 (يىل) × 1215.45 (يۈەن) = 72927.00 (يۈەن)

بۇ سانلاردىن بىز بىر چوڭ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. نىسبەتنى قانچە چوڭ قىلساق، ئۇنىڭ پايدىسى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، قانچىكى كىچىك قىلساق، نەتىجىسىمۇ شۇنچە كىچىك بولىدۇ.

بىز مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بىرلىكنى ئاساس قىلىپ، نىسبەت بويىچە ئىزچىل پۇل تېجەپ يىغىپ قويايلى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتىكى بىرلىكى چوڭ بولىدۇ. ئادەتتە بۇنداق پۇل

تېجەشنىڭ بىسىمى چوڭ بولمايدۇ. بۇ يەردە بىر مىسال ئالاي: سىزنىڭ ئىككى مېكىيىنىڭىز بار. ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى ئۈچ تۇخۇم چۈشىدۇ، سىز ھەر كۈنى ئىككىنى يەڭ، بىر دانە تۇخۇمنى يىغىپ تېجەڭ. ئۇ 30 كۈندە 30 دانە تۇخۇم بولىدۇ، بۇ تۇخۇم چوقۇم ئېھتىياجىڭىزدىن ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا 30 تۇخۇمنى ھېچ بولمىغاندىمۇ 20 يۈەنگە ساتالايسىز. دېمەك، سىز 20 يۈەننىڭ غوجايىنى بولۇپ قالدىڭىز؛ سىز ھەر كۈنى بىر تال تاماكىنى كەم چېكىڭ. مەسىلەن، سىز بىر كۈندە ئون تال تاماكا چەكسىڭىز، ئۇنىڭدىن بىر كۈندە بىر تال ئاز چېكىڭ، ئۇ چاغدا بىر ئايدا 30 تال تاماكا كەم چەككەن بولىسىز. ئىككىنچى، سىز مۇشۇ ئىشتىن بىر ئايدا بىر يېرىم قاپ، يەنى ئاز دېگەندىمۇ 7.00 يۈەنلىك تاماكىنى ئاز چېكىپ، 7.00 يۈەننى تېجەپ قالدىڭىز، بىر يىلدا سىز 84 يۈەن تېجەپ قالغان بولىسىز. ئەگەر سىز ھەر كۈنى ئۈچ تال تاماكىنى ئاز چەكسىڭىز، بىر يىلدا 252 يۈەن تېجەپ قالىسىز. ئون يىلدا 2520.00 يۈەن، 60 يىلدا 15120.00 يۈەن تېجەپ قالىسىز.

بايلىق ھەمىشە ئادەم بىلەن بىللە يۈرىدۇ، ئادەتتە ئادەملەر بۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ، پەسەنتمۇ قىلمايدۇ. ئۇلار ھەر ۋاقىت كۆزىنى يىراققا تىكىدۇ، نەزىرىنى باشقا نەرسىلەرگە قارىتىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ، بايلىقنى باشقا جايدىن ئىزدەيدۇ. بۇنداق ئىزدىنىشنىڭ جەريانى ئۇزاق، مۇرەككەپ بولىدۇ. بۇنداق قىلىشمۇ بىر ھېسابتا توغرا. ھالبۇكى، بىز كۆزىمىزنى يىراققا تىكىشتىن ئاۋۋال ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزغا نەزەر سېلىپ باقساق، ئىككىنچى ئۇزاق مۇددەتلىك، مول، بىخەتەر بايلىققا كۆچمەيلا ئىگە بولالايمىز، يارىتالايمىز. بايلىق توپلاش، پۇل تېپىش، پۇل يىغىش رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

بىز ھەر كۈنى بىر تۇخۇمنى تېجەپ قالالىساق، ھەر كۈنى بىر تال تاماكىنى ئاز چېكىپ چىقىمنى ئازايتالىساق، بايلىق ئۆزلۈكىدىن ھەمىيىنىمىزغا تولۇپ بارىدۇ. مانا بۇ، بىز دېگەن

بايلىق توپلاش، بايلىق يارىتىشتىكى ئەڭ ئاددىي يول.

**3. قوشۇمچە كىرىمنى قەدىرلەش كېرەك.** بۇمۇ بىر خىل پۇل تېجەش، يىغىش، بايلىق يارىتىش يولى. بىر ئادەم ئۇچۇن قوشۇمچە پۇلغا ئېرىشىش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئەھۋال. بەزىلەر بۇنداق پۇللارنى «ياۋا پۇل» دەپ ئۇدۇل كەلگەن يەردە خەجلەپ ئىسراپ قىلىدۇ، ئاخىردا مەنىلىك بىر ئىش قىلمايلا تۈگەيدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ قىممىتى بىھۇدە ئىسراپ بولدى دېگەن گەپ. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىمۇ توپلاپ، يىغىپ تېجەپ قويۇش كېرەك. ئادەتتە بۇمۇ بىر خىل كىرىم يولى. بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ كەسپىنى يۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا ياكى بىرەر ئىشتا نەتىجە قازىنىش جەريانىدا تاسادىپىي تاپاۋەتكە ئېرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇكاپات پۇلى بولسا، يەنە بەزىلىرى قىلغان شۇ ئىشنىڭ ئىش ھەققى بولىدۇ. بەزىدە كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك ياكى ئارتۇقچىلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق ياراتقان ئەمگەك قىممىتى بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ تۇرلۇك ئىشلىرىنىڭ يۈرۈشۈشى، تەرەققىي قىلىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئاشۇ پۇل بولمىسىمۇ ئۇنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئوخشاش، تەرتىپلىك يۈرۈشۈپ ماڭىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۆپ قىسىم كىشىلەر ئاشۇنداق پۇللارنى خالىغانچە خەجلەپ ئىسراپ قىلىدۇ. بۇنىڭ جەريانى، شەكلى ھەرخىل بولىدۇ. نەتىجىسى خوراش، خورىتىش بولىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاشۇ پۇللار ھەر يىلى سىزگە بىرقانچە ياكى نەچچە ئون قېتىم نېسىپ بولۇشى مۇمكىن. ھەر قېتىمدا سىزگە ئاشۇ خىل پۇلدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 200 يۈەندىن بولسا، 10 قېتىمدا 2000 يۈەن بولىدۇ. ئون يىلدا بۇ خىل پۇل 20 مىڭ يۈەن بولىدۇ. ئالدى بىلەن سىزدە ئىدىيەۋى تەييارلىق بولۇشى، ئاندىن كونكرېت ئۇسۇل، پىلان، تەرتىپ بويىچە يىغىشىڭىز لازىم.

**4. پارچە - پۇرات پۇللارنى يىغىپ قويۇڭ.** تۇرمۇشتا ھامان خەجلەپ ئېشىپ قالىدىغان پۇل بولىدۇ. ئۇ پۇللارنى قانداق قىلىسىز؟ ئۇنىمۇ ئايرىم ساقلاپ قويىسىز، يىغىسىز، توپلايسىز.

بەزىدە يانچۇقىڭىزغا قارىسىڭىز، پارچە - پۇرات پۇللار توپلىنىپ قالىدۇ. مانا مۇشۇ خىل پۇللارنى ئىزچىل ھالدا مەلۇم بىر ئورۇنغا قويىسىز، ئۇ ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۈزۈكسىز كۆپىيىدۇ. بىز يەنە بىر كىتابىمىزدا پارچە - پۇرات پۇل توغرۇلۇق توختالدۇق. پارچە - پۇرات پۇلنىڭ خاسىيەتلىك تەرەپلىرىمۇ كۆپ. بەزى ئادەملەر كۆپ ھاللاردا پارچە - پۇرات پۇللارنى تىلەمچىلەرگە ياكى پارچە - پۇرات خىراجەتلەرگە ئىشلىتىشكە ئالدىراپ كېتىدۇ ۋە بىر پۇڭمۇ قويماي ئىشلىتىپ، يانچۇقىنى بېسىقتۇرىدۇ. ئەمما، دىتى بار كىشىلەر ئاشۇ خىل پۇللارنى سەۋرچانلىق بىلەن يىغىپ، ساقلاپ، ئۇنى بىر خىل پۇل توپلاش، پۇل تېجەشنىڭ ۋاستىسى قىلىدۇ، بۇنداق پۇلغا چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك ساقلاش ئورنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەلۇم ئىدارىدە ئىشلەيدىغان بىر ئادەم ئىشخانىسىدىكى شىرەسىنىڭ بىر تارتمىسىنى مەخسۇس ئاشۇنداق پارچە پۇللارنى يىغىدىغان ئورۇن قىلغان. ئۇ، بۇ ئىشنى ئۇدا بەش يىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ بەش يىلدا بىر پۇڭدىن بىر يۇەنگىچە پۇلدىن ھەر يىلى 1200 يۇەندىن 1800 يۇەنگىچە يىغقان. بەش يىلدا ئۇ جەمئىي 7800 يۇەن توپلىغان. ئۇ بۇ پۇللارنى ئايدا بىر قېتىم مەخسۇس كارتىغا ئامانەت قويغان.

يەنە بىر كىشى پارچە - پۇرات پۇللارنى بىر قىزىغا بەرگەن. ئۇ قىزىغا بىر دانە پۇل يىغىش ساندۇقچىسى ياساپ بەرگەن. قىز دادىسىدىن پارچە پۇللارنى ئېلىپ ھېلىقى ساندۇقچىسىغا سېلىپ تۇرغان. قىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا، توپلىغان پۇلى 17 مىڭ يۇەنگە يەتكەن.

بىز تولا چاغلاردا ئاشۇنداق پارچە - پۇرات پۇللارنى كۆزگە ئىلمايمىز، ئىمكان بار خەجلەپ تۈگىتىمىز. بىراق، ئۇنىڭ

يۇقىرىقىدەك خاسىيىتىگە سەل قارايمىز. دىققەت قىلمايمىز، نەزەر سالمايمىز.

ئۇزاق يىل كاسسىرلىق خىزمىتىنى قىلغان بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، مەھەللىسىگە بىر كىچىك چەرچىماللار دۇكىنىنى ئاچتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ ماگىزىنىدا بىرمۇنچە پارچە پۇللارنى ساناپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

— نېمانچە كۆپ پارچە پۇل بۇ؟ — دېدىم مەن.

— بۇ پايدا سىرتىدىكى پايدا پۇل، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ، — كۆپ پۇل كىچىك، ئاز پۇلنىڭ يىغىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. كونىلاردا: «تامار - تامار كۆل تولار» دەيدىغان ھېكمەت بار. شۇنىڭدەك مۇشۇ كىچىك پۇللار بىر پۇڭ، بىر موچەن، بىر يۈەندىن توپلىنىپ كۆپ پۇلنى يارىتىدۇ. مەن پارچە - پۇرات پۇلغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئامراقكى، ئۇ ھەم بايلىق توپلاپ بېرىدۇ ھەم نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، مانا كۆرۈپ تۇرۇپلا، مۇشۇ پۇللار تەخمىنەن 2000 يۈەن چىقار، ئۇ ماڭا ئۈچ ئايدا توپلانغان پۇل. مەن دۇكاندا دىرىنى بىر ئايرىيمەن، ئاندىن پايدىسىنى بىر ئايرىيمەن. ئۈچىنچى قېتىم مانا مۇشۇنداق پارچە پۇللارنى بىر ئايرىيمەن. دىرى بىلەن پايدام تولا چاغلاردا يەنىلا دۇكانغا دەسمايە بولۇپ كېتىدۇ. پارچە - پۇرات پۇللار بايلىق، پايدا سىرتىدىكى پايدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئىككى يىلدا جەمئىي 15 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك يىغدىم...

بۇ ئاددىي گەپ ئەمەس، شۇنداقلا يالغان گەپمۇ ئەمەس. دىتى بار ئادەملەر پۇل توپلاشتا، پۇل تېجەشتە پۇلنىڭ ئاشۇنداق ئاددىي، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىش قىلىدۇ، ئۇنى بىر خىل ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ئادەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسى ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

بىر قېتىم مەن بانكا، پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى، ساياھەت ئورۇنلىرىدىكى ئىئانە پۇل ساندۇقىدىكى پۇلنى ئالىدىغان بىر

بانكا خادىمىدىن بۇ خىل پۇللارنىڭ قانچە كۈندە بىر قېتىم ھېسابات قىلىنىدىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ:

– ھەي، بۇنى دېسەم ئاغزىمغا سىغمايدۇ. ئەلنىڭ نەزىرى بەك چوڭمۇ ياكى پارچە پۇلنىڭ كۈچى شۇنداق چوڭمۇ بىلمەيمەن، بەزى يىللاردا 100 مىڭ يۈەن پۇل چۈشۈپ قالىدۇ، خەق كۆزىگە ئىلمىغاندەك، پارچە پۇللاردىن بىزار بولۇپ تاشلاپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە، تاشلاۋەرگەندىن كېيىن، توپلىنىۋېرىپ ئاشۇنداق كۆپ پۇل توپلىنىپ قالىدۇ.

مەيلى سىز ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ، پارچە پۇلنىڭ ئاشۇنداق توپلىنىپ قېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. پەقەت سىزمۇ ئۇنى سىناپ بېقىڭ. ئائىلىڭىزدىكى بالىچاقىلىرىڭىزغا تەۋسىيە قىلىڭ. پارچە پۇل سىزگە غايەت زور بايلىق توپلاپ بېرىدۇ.

5. ئىشىڭىزدىن بىرنى ئارتۇق قىلىپ قويۇڭ. مەھەللىمىزدىكى مۇسا ياغاچچىنى ھەممە ئادەم ئىبدىتلىق، چېۋەر ھۈنەرۋەن دەپ قارايتتى، ئۇ كىشى دېھقانچىلىق قىلغاندىن باشقا ياغاچچىلىق قىلاتتى. ئۇ يىلبويى ھارۋا، ئورۇندۇق، ھەرخىل ئۆي جاھازلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ساتاتتى. بەزىدە مەھەللىمىزدىكى يىگىتلەردىن ئۆي سالغانلارنىڭ ئۆيلىرىنى يېپىپ بېرەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ مۇنداق بىرئادىتى بار ئىكەن. ئۇ مەلۇم بىر خىل مەھسۇلاتنى ھەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ ياساپ، ساتماي ياكى بىرەر يەرگە ئىشلىتىشكە بەرمەي ئامبارغا بېسىپلا قويىدىكەن. ئاشۇ مەھسۇلات مەلۇم سانغا يەتكەندە، ئاندىن بىراقلا ساتىدىكەن، خېرىدار چىقمىسا، ھەر كۈنى توختاپ قالماي شۇ مەھسۇلاتنى ياساپ قويىدىكەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇنداق قىلىش ھەر كۈنى بىر ئىشنى ئارتۇق قىلىپ، شۇ مەھسۇلاتنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، بىراقلا سېتىپ كۆپرەك پۇل قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ بۇ ئىشتىن كۆپ قېتىم مەنپەئەت ئالغان. بىر كۈندە بىر مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىشلەپ قويۇشمۇ بىر خىل بايلىق توپلاش، تېجەش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنى نۇرغۇن ئادەم بىلىپ كەتمەيدۇ.

نۇرغۇن ئادەم رىۋايەتلەردىكىدەك ناھايىتى تېز، ھەتتا بىر كېچىدىلا باي بولۇشنى ئويلايدۇ. ئەمما، رېئاللىقتا ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ئۇنداق مۆجىزە دۇنيادا كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. بىر كەسىپ ئەھلىگە نىسبەتەن ئالغاندا، جان پىدالىق بىلەن ئىشلەش، ئەجىر قىلىپ تەر تۆكۈش بايلىق يارىتىدىغان ئاساسىي يول بولۇپ، ئەستايىدىل، سەمىمىي پوزىتسىيە بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ سەۋرچان بولۇش ناھايىتى مۇھىم ئامىلدۇر. ئۇلار ئاشۇنداق ئەجىر بەدىلىگە ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولىدۇ، بايلىق يارىتىش مەقسىتىگە يېتىدۇ، ھەربىر ئادەم چوقۇم ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئۈنۈملۈك بايلىق تويلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشى، ئادەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. بولمىسا، ئۇنداق ئادەملەر ھەرقانچە ئىشلىسىمۇ بايلىق توپلىيالماي، پەقەت قورساق بېقىپ، تۇرمۇش قامداش بىلەنلا ئۆتىدۇ. ئەگەر بايىقى ياغاچچىدەك ئاستا ـ ئاستا توپلاش بىلەن شۇغۇللانسا، يەنى ھەر كۈنى بىر مەھسۇلاتنى ئارتۇق ئىشلەپ قويۇپ، ئاخىردا بىراقلا سېتىپ كۆپ پۇل تاپىدىغان ئۇسۇلنى قوللانسا، ئۇنىڭ زاپاس پۇلى، تېجەپ يىغقان پۇلى ۋە بايلىق مەنبەسى بار بولىدۇ، ئاشۇ ئاددىي بىر مەھسۇلاتمۇ چوڭ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئاساس بولالايدۇ.

قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىنانىڭ ئاستىدا بىر چوڭ خۇسۇسىي مۇزىبي بار. ئۇنى بىر خەنزۇ ئايال ئاچقان. مۇبادا سىز شۇ يەرگە كىرىپ قالسىڭىز، بىر پېشقەدەم كوللاچىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىۆرىق، قاچا ـ قۇچا قاتارلىق قەدىمىي ساپال بۇيۇملىرىنى ياساپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسىز، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ قالدىم. ئۇ ئاشۇ يەردە ئولتۇرۇپ كوللاچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، ھەر ئايدا 3000 يۈەن پۇل بېرىدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ كۈندە مەلۇم مىقداردا ھېلىقىدەك مەھسۇلاتلارنى ياساپ، غوجايىنىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ھەركۈنى بىر ـ ئىككى

پارچە بۇيۇمنى ئارتۇق ياساپ ئۆيگە ئېلىپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر كۈنى ئارتۇق ياسىغان بۇيۇملارنى ئۆز خۇمدىنىغا ئاپىرىپ، رەسمىي پىشۇرۇپ ئىشلەتسە ۋە تەۋەررۇك ئورنىدا ساقلاپ قويسا بولىدىغان مەھسۇلات قىلىپ ياسىغان. ئۇ بۇ بۇيۇملارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، ھەر ئايدا بۇ تۈردىنمۇ 1500 ~ 2000 يۈەن پۇل تاپقان.

مانا بۇ بىر خىل كەسپىي توپلاش، تېجەش ئۇسۇلى بولۇپ، ھېلىقى كۇلالچى بۇ ئۇسۇلدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ كىرىمنى كۆپەيتكەن.

كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى ئوخشاش بولمىغاچقا، قىلىدىغان ئىشى ۋە تۇتقان يولى، قىلىدىغان كەسپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق، كىم بولسۇن، قىلىۋاتقان كەسپىدە بىرەر ئىشنى ئارتۇق قىلىش، بىرەر مەھسۇلاتنى ۋەزىپىدىن سىرت ئىشلەپ قويۇش قىلغىلى بولىدىغان، قولىدىن كېلىدىغان ئىش. شۇڭا، بىرەر ئىشنى، بىرەر مەھسۇلاتنى ئارتۇق ئىشلەش، ئاخىردا ئۇنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش ھەر كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئۇ بايلىق ۋە پۇل توپلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن، دېھقان بولسىڭىز بىر يىلدا بىر پاقلان ئاۋۇتۇپ قويۇڭ. بوش، بىكار يەرلەرگە يىلدا 50 ~ 60 تۈپ كۆچەت تىكىپ قويۇڭ؛ ھۈنەرۋەن بولسىڭىز شۇ قىلىۋاتقان ھۈنىرىڭىزدىن بىر ئىشنى ئارتۇق قىلىپ توپلاپ قويۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ. ئىشچى - خىزمەتچى بولسىڭىز قايسى ساھە، قايسى كەسىپ، تۈر بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىر ياكى بىر نەچچە ئىشنى ھەر كۈنى ئارتۇق قىلىپ قويۇڭ؛ ئارتۇق قىلىپ قويۇش سىزگە بىر خىل خاتىرجەملىك، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بەرمەي قالمايدۇ. بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئادەم ھاياتى ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر. بۇنداق پۇرسەت يارالغاندا، ئادەم كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بېرىدىغان خەۋپ - خەتەرنى ئويلاش كېرەك. خەۋپ - خەتەر ھامان يوشۇرۇن بولىدۇ، گاھىدا ئۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەندە ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدىغان ئىقتىدار، قابىلىيەت ۋە ماددىي ئاساس

بولۇشى كېرەك. بىز ئاشۇ ماددىي ئاساسنى چوقۇم ئالدىن ئويلىنىشىمىز، تەييارلاپ قويۇشىمىز كېرەك. ھەر كۈنى ياكى بىر ھەپتىدە، بىر ئايدا بىر ئىشنى، بىر مەھسۇلاتنى ئارتۇق قىلىپ قويۇش تاسادىپىي خىيىم - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ناھايىتى مۇھىم ۋاستە، ئاساس بولۇپ قالىدۇ.

ئۇزاق يىللىق تەجرىبە شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇرمۇشتا ھامان ئالدى بىلەن پۇل يىغىش خاتىرجەملىكنىڭ دەسلەپكى ئاساسى بولۇپ كەلدى. كەلگۈسىمىزنى پەرەز قىلغاندىمۇ پۇل توپلىساق، خىزمىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق، تۇرمۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىغا مۇئەييەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۈگۈن قۇدۇق قازساق، ئەتىسىدىن باشلاپ سۇ ئىچەلەيمىز. بىز بۈگۈن پۇل تېجەپ قويساق، پۇل توپلاپ قويساق، ئېنىقكى ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇنىڭدىن بەھرە ئالالايمىز ياكى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ ئاجايىپ زور پايدىسىنى كۆرەلەيمىز. پۇل توپلاش، پۇل تېجەش كۆپ مەنبەلىك پايدىلىق تۇرلەرنىڭ ئاساسى. ئۇنۇملۈك ئۇسۇلنى قوللىنىشىمىز، قوللىشىمىز، ھەربىر ئادىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك پۇل توپلاش ئۇسۇل - چارىلىرىنى قەدىرلىشىمىز كېرەك.

## باللارنىڭ پۇل تېجەش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

يەنە بىر كىتابتا قانداق قىلغاندا باللارنىڭ پۇل چۈشەنچىسى، پۇل خەجلەش ئۇسۇلى ۋە تېجەشلىك پۇل خەجلەشنى ئۆگىنىش يوللىرى ئۈستىدە بىر قىسىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ يەردە بىز يەنە باللاردا قانداق قىلغاندا پۇل تېجەش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىمىز.

ھەرقانداق ياخشى ئىش باللاردىن باشلانسا، ئۇنىڭ ئۆزلىشىشى، ئومۇملىشىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدۇ. چۈنكى، بالىلىق دەۋرىدە بۇ خىل ئىشلار ئاسان

سىڭىدۇ، ئاسان قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇزاق زامانلارغىچە كۆڭۈل ئېكرانىدىن، ئادەت خاراكتېرىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. ياخشى ئۇرۇقنى مۇنبەت يەرگە تېرىغاندا ياخشى، ساغلام مايسا ئۈندۈرگىلى بولىدۇ، مايسا ياخشى، ئەتراپلىق پەرۋىش قىلىنغاندىلا مول ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. بالىلارغا پۇل تېجەشنى ئۆگىتىشتىمۇ دەل مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىش كېرەك.

**1. بالىلاردا پۇل يىغىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇلارغا پۇل ساندۇقى ياساپ بېرىش كېرەك.** پۇل يىغىش، پۇل تېجەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، ئۆگىتىش، شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بالىلارنىڭ يېتەكلەشكە ئېھتىياجلىق بولۇشتەك خۇسۇسىيىتى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىزچىل، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي شۇنداق قىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بالىلار قانداق قىلىپ پۇل يىغىدۇ؟ بۇنىڭ يوللىرى بەك كۆپ. ئائىلىدە بالىلار كۆپ ھاللاردا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا چىقىدۇ ھەمدە ھەر نۆۋەتلىك ھېيت ـ بايراملاردا ئاتا ـ ئانىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بەرگەن ھېيتلىق پۇللارغا ئېرىشىدۇ. نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغاندا ئاشقان پۇللارنى بالىلارغا ئۆزۈڭ خەجلە دەپ بېرىۋېتىدۇ. مۇشۇ پۇللار بالىلارنىڭ پۇل توپلاش، پۇل تېجەشتىكى ئاساسىي مەنبەسى، بۇنى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارغا ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈشى، يىغىش، تېجەشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك. ئىسراپ قىلىش بىلەن تېجەشنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ئۆزىگە، ئائىلىگە، جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان تۈرلۈك ياخشى ـ يامان تەسىرلىرىنى تونۇتۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بالىلارغا پۇل ساندۇقىنى تەييارلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تاپقان پۇللىرىنى سېلىپ تۇرىدىغان قىلىش كېرەك.

**2. بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىش كېرەك.** پۇل تېجەشتە بالىلارغا ئاتا ـ ئانىلار ئۈلگە بولۇپ،ياخشى، ئالاھىدە بولغان پۇل تېجەش يوللىرىنى ئۆزى قوللىنىش بىلەن بىرگە، بالىلارغا

تونۇشتۇرۇپ، بالىلارنىڭمۇ ئورتاق قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك ھەمدە تېجەش، پۇل توپلاشنىڭ نەتىجىسى، پايدىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە پۇل توپلاش، تېجەشلىك، ئىقتىسادچىل بولۇشنىڭ ئالاھىدە ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى سىڭدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىخلاندۇرۇش كېرەك.

**3. تەسىرلەندۇرۇش كېرەك.** بالىلار ھېسسىياتقا بەكلا بېرىلىپ كېتىدۇ، ئازراق زىيان بولسا شۇمشىيىپ كېتىدۇ، ئازراق پايدا بولسا ھاياجانلىنىپ شادلىققا تولىدۇ. بالىلارنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى توپلىغان پۇللارنى ياخشى ئىش، ياخشى ھەرىكەتلەر ئۈچۈن خەجلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۇلاردا كەڭ قورساق، كۆيۈمچان بولۇشتەك ئىسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈش لازىم. مۇۋاپىق ماختاش، رىغبەتلەندۈرۈش، تەنقىد قىلىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ پۇل يىغىش، تېجەش قىزغىنلىقىنى، ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش كېرەك.

**4. ئىلھام، مەدەت بېرىش كېرەك.** بالىلارغا مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە، مەلۇم مىقداردا، مۇۋاپىق بولغان پۇل تېجەش، پۇل توپلاش مىقدارىنى بېكىتىپ بېرىپ، شۇ ۋاقىت ئىچىدە شۇ نىشانغا يەتسە، ئۇلارنىڭ توپلىغان پۇلىنىڭ مەلۇم قىسمىغا تەڭ باراۋەر كېلىدىغان پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش كېرەك. مەسىلەن، بىر يىلدا 200 يۈەن تېجىسە، توپلىسا، بىر يىلدىن كېيىن ئۇنى ساناپ كۆرۈپ، شۇ پۇلغا 50 يۈەن، 100 يۈەن ياكى 200 يۈەن مۇكاپات قىلىپ بېرىش كېرەك. بۇ بالىلارنىڭ پۇل تېجەش، پۇل توپلاش ھېرىسمەنلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

بۇ بىر قاتار ئىشلار بالىلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، تەپەككۇرىنى جانلاندۇرىدۇ، خاراكتېرىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ.

**5. قاتتىق تەلەپ قويۇش كېرەك.** ھازىرقى بالىلار بەك ئەركە، ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى تەل، تۇرمۇشى شۇقەدەر پاراۋان. ئۇلارنىڭ

ئەركە بولۇپ قېلىشى بىر ئائىلىدە بىر ياكى ئىككى بالا بولغاچقا، ئاتا بىلەن ئانىدىن باشقا ئۇلارنى ھە - ھۇ دەپ پەپىلەيدىغان چوڭ دادا، چوڭ ئانىسى، ھەتتا بوۋا، مومىسى بار. يەسلى، مەكتەپ، ھەتتا پۈتكۈل جەمئىيەت ئۇلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى يېمەيدۇ، كىيمەيدۇ. بىراق، ئاشۇ بالىلارنىڭ ساغلاملىقى، ياخشى ئوقۇشى، ساغلام چوڭ بولۇشىغا تاپقان - تەرگىنىنى سەرپ قىلىدۇ. مانا بۇلار بالىلارنى ھورۇن، چىدامسىز، ئىقتىدارسىز، ھەتتا بەزى بالىلارنى بەتخەج، ئىسراپخور قىلىپ قويغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بالىلارغا مەيلى ئەخلاقى، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن، مەسئۇل بولۇشىمىز، تىزگىنلىشىمىز، تەلەپىنى قاتتىق قويۇپ، ياخشى تەربىيەلىشىمىز لازىم. ئۇلارغا تېجەش ۋە ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش تەربىيەسى بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردا چوقۇم تېجەشلىك بىلەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى بىلىدىغان ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى ھازىرلاش، تەتبىقلاش كېرەك. بەتخەج كۆنۈپ قالغان بالىلارغا پۇل بەرگەندە چەكلىك بېرىش، ئۆزى خەجلەپ بېرىش، ئاز - ئازدىن بېرىپ، تەدرىجىي ئىسراپخورلۇق ئادىتىنى ئۆزگەرتىش، تۈزىتىش كېرەك. پۇل تېجەشكە مەجبۇرلاش، قەتئىي ئۇزۇپ قويماي ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش، كۆپ قېتىم سىناش، چېنىقتۇرۇش كېرەك.

**6. بالىلار ئەمەلىي تېجەپ باقسۇن.** تېلېفوندىن بىر ئۈچۈرنى كۆردۇم، ئۇنىڭدا: بالام، سالامەت تۇرغانسەن، بىز سالامەت! بۇ قېتىم ساڭا 300 يۈەن ئەۋەتتىم، ئاي ئاخىرىغىچە يەنە 200 يۈەن ئەۋەتىشىم مۇمكىن.

سەنمۇ بىلىسەن، ئالدىنقى يىللاردا ساڭا ھەر ئايدا 600 يۈەن بېرەتتىم، قانچىلىك تېجىدىڭ ئۇقمايمەن!

كىلەر ئايدىن باشلاپ ساغا مۇشۇ ئايدا ئەۋەتكەنگە ئوخشاش 500 يۈەن ئەۋەتىمەن، كېيىنكى ئايلاردا تەدرىجىي ھالدا 480 يۈەن، 450 يۈەن، 420 يۈەن، 410 يۈەن، 405 يۈەن، 400 يۈەن، 390 يۈەن، 380 يۈەن، 370 يۈەن... ئاخىرىدا 300 يۈەن ئەۋەتىدىغان بولۇشۇم مۇمكىن. يەنە دەپ قويايكى، ھەتتا بەزى ئايلاردا بىر موچەنمۇ ئەۋەتمەسلىكىم مۇمكىن. ئېسىڭدە بولسۇن، شۇنداق ئېھتىماللىق دائىم سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسۇن!

سەن مۇشۇ ئىشلار بېشىڭغا كەلسە قانداق قىلىشنى ئويلان، شۇنداقلا بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبە قىلىپ باق، ئاندىن ئۆزۈڭنى تونۇيالايسەن، چېنىقىسەن. ئۆزۈڭنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ يولىنى تاپالايسەن.

مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ كۆپ ئەۋەتىدىغىنىم: تېجە، تېجە، يەنە تېجەدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەن پۇلنى ئاز ئەۋەتكەنسېرى، ساڭا تېجە دېگەن چاقىرىقنى شۇنچە كۆپ ئەۋەتىمەن، تېجەشتىن تۇرمۇش، ئوقۇشتا ئۇتۇق قازىنىشىڭ مۇمكىن!

يۇقىرىقىلارنى ئالاھىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقساڭلا، چوڭقۇر مەنىسىنى، ئەھمىيىتىنى ھېس قىلالايمىز.

ئاتا ـ ئانىلار، شۇنداقلا بالىلارمۇ سىناپ باقسا بولىدۇ.

## تېجىگەن پۇلنى ئىشلىتىش يوللىرى

تېجىگەن پۇلنى قانداق ئىشلىتىش ئالدىن ئويلانمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش. تېجەلگەن پۇلنى ھامان ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى مەبلەغ ئورنىدا ئىشلەتسە، بەزىلەر ئۆزىنىڭ مەلۇم چاغدىكى قىيىن ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىدۇ. بەزىلەر خاسىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ دەل، جايىدا، ئەھمىيەتلىك ئىشلىتىش ـ ئىشلەتمەسلىكتە. جايىدا ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ،

جايىدا ئىشلەتمىسە ئاجايىپ چوڭ بەختسىزلىك، بالا - قازا، ئازاب - ئوقۇبەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن. تېجىگەن پۇللارنى زادى قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىش كېرەك؟

**1. ساغلاملىق ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك.** ئادەمنىڭ ساغلاملىقى پۈتكۈل ھاياتنىڭ ئاساسى ۋە بەخت - سائادەتنىڭ مەنبەسى. بىز پەقەت ساغلاملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلساق يەنە پۇل تېجىيەلەيمىز، تويلىيالايمىز، تاپالايمىز، تۇرمۇشنى قامداپ تېگىشلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرالايمىز. شۇڭا، تېجەپ يىغقان پۇللارنى چوقۇم ئالدى بىلەن سالامەتلىك، ساغلاملىق ئىشلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىش، مەبلەغ سېلىش كېرەك.

**2. بىلىم ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىش كېرەك.** ئادەم ياشاش جەريانىدا بىلىم ئېلىشى، كەسىپ ئىگىلىشى، قابىلىيەت ھازىرلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەدەت لازىم بولىدۇ، ئۆزى بىلىم تولۇقلىغاندىن باشقا، بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلىم ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دەل مۇشۇنداق چاغدا تېجىگەن پۇللارنى ئىشلەتسە ئەرزىيدۇ.

**3. پۇل تېپىشقا ئىشلىتىش كېرەك.** تېجىگەن پۇلنى باشقا تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان، زىيانغا ئۇچرىمايدىغان بولسا، ئىشەنچلىك تۈرلەرگە مەبلەغ قىلىپ سالسا بولىدۇ. مەسىلەن: زايوم، سۇغۇرتا، ئۆي - مۈلۈك دېگەندەك ئاساسى بار، دىرى يوقالمايدىغان، بىخەتەر تۈرلەرگە ئىشلىتىش كېرەك.

**4. ئابىدە خاراكتېرلىك ئىشلارغا ئىشلىتىش كېرەك.** تېجەپ يىغقان پۇلنى شۇ كىشى ياقتۇرىدىغان، جەمئىيەت ئېھتىياجلىق، خەلق قوللايدىغان ئابىدە خاراكتېرلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش كېرەك. ئۇ ئابىدە خاراكتېرلىك ئىش ئۇزاق زامانلارغىچە ئەل ئارىسىدىن يوقالمايدىغان، خەلق مەنپەئەتلىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، تۇرپاندىكى بىر كىشى قۇشلارنى قوغداش، مۇھىتنى ئاسراشنى مەقسەت قىلىپ، 30 يىل تېجەپ يىغقان پۇللىرىنى سەرپ قىلىپ، مەلۇم ئورمانلىققا يەتتە دانە مۇنار

ياساپ، بۇ مۇنارلارنىڭ ھەممىسىگە جانىۋارلارغا ئۇۋا ياساپ بەرگەن، تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان قۇشقاچ قاتارلىق نۇرغۇن جانىۋارلار قىشتا مۇزلاپ قالماي، يازدا تومۇزدا، بوران - چاپقۇندا قالماي تېز كۆپەيگەن. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشى ئەل ئارىسىدا داڭ چىقارغان. يەتتە قۇشقاچ مۇنارىدىن ئىبارەت نەمۇنە مەڭگۈلۈك نام بولۇپ قالغان.

**5. تېجىگەن پۇلنى تەرەققىيات ئۈچۈن ئىشلىتىش كېرەك.** بىزدە ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەر بولسىمۇ، ئۇنى يولغا قويۇشقا، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا شەرت - شارائىت، پۇل كەمچىل. تېجىگەن پۇللارنى دەل مۇشۇنداق ئىشلارغا ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن، يىپ ئېگىرىش زاۋۇتىغا، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى زاۋۇتىغا، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىگە، يەنى پەن - تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە سەرپ قىلىش كېرەك.

**6. خاسىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىش كېرەك.** خاسىيەتلىك ئىشنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. تېجىگەن پۇللارنى ئاشۇ خاسىيەتلىك ئىشلارنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەسىلەن، قەشقەردىكى مەرھۇم مۆھەممەت ئوسمان ھاجىم يېقىنقى 20 يىلدا ئۆزى تېجەپ يىغقان پۇللاردىن 100 نەچچە مىڭ يۈەننى شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ۋە نامرات ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا ياردەم قىلدى. ئىسكەندەر قايماقلىق مارۇژنىخانىسى بىر ئادەمدىن بىر پۇڭ تېجەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تېجىگەن پۇلى بىلەن 2005 - يىلى 10 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر پۇتبول تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا 150 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. 2007 - يىلىدىن باشلاپ، ئوقۇش فوندى تەسىس قىلىپ، ئىككى يىلدا ئەلاچى ئوقۇغان 20 ئوقۇغۇچىغا 40 مىڭ يۈەن تارقىتىپ ئىلھام بەردى. يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەر تېجىگەن پۇللىرىنى نامراتلارغا، كېسەللەرگە خەيرخاھلىق قىلىشقا سەرپ قىلدى.

7. مۆقىم مۆلۆك قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىش كېرەك.

تېجىگەن پۇلنى مۆقىم مۆلۈك قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىش، ئۇنۇمى ياخشى، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئۇپراش دەرىجىسى تۆۋەن، قىممىتى ئېشىپ بارىدىغان مۆقىم مۆلۈك تۈرلىرىگە ئىشلىتىشتە چوقۇم نىشان تۇرغۇزۇپ، شۇ نىشان ئاساسىدا تېجەش مىقدارىنى، تۈرىنى ئاشۇرۇش، كېڭەيتىش كېرەك. مەسىلەن، ئۆي سالماقچى ياكى ئۆي ئالماقچى ۋەياكى باشقا تۈرلەرگە مەبلەغ سالماقچى بولغاندا، چوقۇم ئالدىن پىلانلاش، شۇ پىلان، نىشان بويىچە مېڭىش كېرەك.

ئالاھىدە ئەسكەرتىدىغان بىر نۇقتا، تېجەپ يىغقان پۇللارنى قەرز بېرىشكە، قويمىچىلارغا قويۇلۇپ زىيانغا ئۇچرىتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى خالىمىسا ياكى خېيىم - خەتەر يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بولسا، تېجىگەن پۇلنى جىم قويۇش ئەڭ ئاقىل، دانا تاللاشتۇر.

ئاگاھ بولۇڭ! تېجىگەن پۇلنى ھەرگىز، ھەرگىز قەرز بېرىشكە بولمايدۇ!

策　　划：伊布拉音•色满
组　　稿：阿不都许库尔•伊敏
责任编辑：玛尔哈巴•阿不都尼依木
责任校对：古丽巴哈尔•托合提
封面设计：海米旦•塞达力木

致富丛书
致富有道（维吾尔文）
阿布来提•居玛　编著

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮政编码：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　4.75印张
2011年3月第1版　2011年7月第2次印刷

ISBN 978-7-5466-0733-7（民文）定价:15.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئىسمائىل

بېيىشقا يېتەكلەش مەجمۇئەسى

- ساغلام تاپاۋەت، بىرەر ھىدايەت
- پۇل ھەققىدە ئاچچىق - چۈچۈك ھېكايىلەر
- پۇل تېپىشنىڭ ساغلام يولى
- پۇلغا ياندىشقان بايانلار
- تېجەپ پۇل تېپىش
- ئۆزىڭىزگە قويمىچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭ
- قەرز پۇلدىن پۇل تېپىش ( 1- ، 2 - قىسىم )
- بايلىق داستىخىنى - مۇلازىمەت
- سودا پۇرسىتىنى قەدىرلەڭ
- پۇل تېپىشقا ياندىشقان خىرىس

ISBN 978-7-5466-0733-7

9 787546 607337 >
定价：15.00元